# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى

新疆社会科学研究

( ئىچكى ژۇرنال )

ئومۇمىي 75 - سان

3

1989

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى

新疆维吾尔自治区社会科学院

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


خومېينى ۋە ئىراننىڭ «ئىسلام ئىنقىلابى» ................ چېڭ گۇاڭلىيەن 1

ئۇرۇش مۇنداق باشلانغانىدى ..............................................

............. فېلىكس كاۋالېۋ، ئولېگ رژېشېۋسكىي (سوۋېت ئىتتىپاقى) 20

تارىختا خرىستىئان دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى ............. فاڭ جيەنچاڭ 31


مەسئۇل تەھرىر: ئابلەت نۇردۇن

# خومېينى ۋە ئىراننىڭ «ئىسلام ئىنقىلابى»

چېڭ گۇاڭلىيەن

خومېينىنىڭ ئىستىبداتلىق تۈزۈمدىكى دۆلەتنىڭ پادىشاھىنىڭ ئورنىنى يىراقتا تۇرۇپ كونترول قىلىش ئارقىلىق تارتىۋېلىپ، ھەيۋىسى دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان، ئىراننىڭ تەقدىرىنى قولدا تۇتىدىغان ھۆكۈمران بولۇپ قالغانلىقىغا «ئاللاھ» نىڭ ئۇنىڭغا بەخت قۇشى ئەۋەتكەنلىكى ئەمەس، ئىران پادىشاھىنىڭ ئىشپىيونلۇق ھۆكۈمرانلىقىنى يولغا قويغانلىقى ۋە ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئىسلاھاتنى يولغا قويغانلىقى، ئامېرىكا دوللىرى ئارقىلىق غەربتىن تەييار زامانىۋىلاشتۇرۇشنى كىرگۈزمەكچى بولغانلىقى، نەتىجىدە ئىران خەلقىگە ئېغىر بالايىئاپەت كەلتۈرگەنلىكى شۇنىڭدەك ئىراننىڭ مۇرەككەپ سىنىپىي زىددىيەت ئىچىدە قالغانلىقى سەۋەب بولغان، بۇنىڭ بىلەن خومېينىنىڭ ئابرويى پەلەككە يېتىپ كەتتى. خەلق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشتىمۇ خومېينى تەسۋىرلىگەن خەلىفەتۇلئىسلامغا كىرىشنى كۆزلىگەن ئەمەس، بەلكى رېئال تۇرمۇشتا ئەركىن، باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشنىلا ئارزۇ قىلغان.

خومېينى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ خەلىفەتۇلئىسلام چۈشىمۇ قاقمىلىق يولغا كىرىپ قالدى. ئېغىر بالايىئاپەتكە ئۇچرىغان ئىران خەلقى پەھلىۋى خاندانلىقىنىڭ مۇدھىش ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپلا خومېينىنىڭ «ئىسلام ئىنقىلابى» ئازگىلىغا چۈشۈپ كەتتى. ئىراننىڭ سابىق زۇڭتۇڭى بەنى سادىر: «پەھلىۋى زامانىسىدا سىياسىي ئەركىنلىك يوق ئىدى، ئەمما كىشىلەر مەدەنىيەت جەھەتتە، ئىجتىمائىي جەھەتتە ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ئەركىن ئىدى. خومېينى دەۋرىدە ئىستىبداتلىق ھەممە جەھەتتە ئىپادىلىنىدىغان بولدى. چۈنكى، ئەمەلىيەتتە، ئەمەل قىلىنىدىغان قانۇن يوق» دېگەنىدى. خومېينى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ باشقا ئەربابلىرىغا ئوخشاش، دىنىدىن پايدىلىنىپ، خەلقنى نادانلىقتا تۇتتى ۋە ئالدىدى، دىننى ئەمگەكچى خەلقنى قۇل قىلىشنىڭ ۋە ھۆكۈمرانلىق ئاستىغا ئېلىشنىڭ مەنىۋى قورالىغا ئايلاندۇردى. ئۇ دىننىڭ ئىپتىدائىي ئەقىدىسىگە ئېسىلىۋالىدىغان ئىدىيىۋى ئېقىم باش كۆتۈرۈپ قالغان بۈگۈنكى كۈندە «ئىسلام ئىنقىلابى» شوئارىنى بولۇشىچە توۋلاپ، ئىران خەلقىنىڭ دىنىي قىزغىنلىقىنى قوزغاپ، ئۇلار-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نى بۇنىڭدىن 1300 يىل ئىلگىرى ئۆتكەن مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام پىلانلىغان دىنىي ئۇتوپىيە ئارقىلىق ئىران قۇرۇشقا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىراننى ئۈلگە قىلىپ، سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك قىلىشقا، ئۇنى « پۈتكۈل ئوتتۇرا شەرقنى قاپلايدىغان غايەت زور دولقۇن » ( ئىران گېزىتىنىڭ سۆزى ) غا ئايلاندۇرۇشقا قۇترىتماقتا. خومېينىنىڭ ئىران پان ئىسلامىزمىنىڭ پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىغا دولقۇنكەبى ئۇرۇلىدىغانلىقى ھەمدە ھازىرقى خەلقئارا ۋەزىيەتكە ئەنسىزلىك ئامىللىرىنى كەلتۈرىدىغانلىقى بىشارەت قىلىنماقتا. شۇڭا بىز ئۇنىڭ پان ئىسلامىزمىنىڭ يۈنىلىشىگە يېقىندىن دىققەت قىلىشىمىز لازىم.

## 1. خومېينىنىڭ ھاياتى ۋە ئىش - پائالىيەتلىرى

خومېينىنىڭ تولۇق ئىسمى رۇخوللا مۇساۋى خومېينى، تەخمىنەن 1902 - يىلى پېرسىيىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى خومېيىن دېگەن بىر كىچىك شەھەردە ياشايدىغان كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى سەئىد ھىندى ئەسلىدە ھىندىستاننىڭ كەشمىر دېگەن يېرىدە ئولتۇرغان، XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پېرسىيىگە بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ، ئۆزىنى ئىسلام ئاساسچىسىنىڭ ئەۋلادى دەۋالغانىمىش. ئەمما بۇ دەلىللەنمىگەن.

خومېينى ئاكا - ئۇكا ئۈچ قېرىنداش بولۇپ، ئۇ ھەممىدىن كىچىك ئىكەن. ئۇ 20 يېشىدا ئۇستازى ئايەتۇللاھ خائى ئەلى بىلەن بىللە شىئە مەزھىپىنىڭ مۇقەددەس شەھىرى قۇمغا بارغان. 1925 - يىلى رىزا پەھلىۋى خاندانلىقىنى قۇرغاندا، ئىراندىكى ھەر بىر ئائىلىگە فامىلە ئىشلىتىش تەلەپ قىلىنغان. خومېينى ئۆزىنىڭ «سەئىد» دېگەن مۇقەددەس جەمەت نامىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ھىندى دېگەن فامىلىنى تاشلاپ، ئۆزىنىڭ يۇرتى — خومېيىن شەھىرىنىڭ نامىنى سەمۋول قىلىپ، خومېينى دېگەن فامىلىنى قوللانغان، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۆزىنىڭ دىنىي ئىشلار ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا بېغىشلانغان ھاياتىنى شۇ فامىلە بىلەن باشلىغان.

40 - يىللارنىڭ باشلىرىدا، خومېينى شىئە مەزھىپىنىڭ رەھبەرلىك گۇرۇھى تەرىپىدىن ئىجتىھاتچى ① لىق ۋەزىپە ئالغان. ئۇ چاغدا قۇمدا ئۇ تېخى ياردەمچى رول ئوينىيالايتتى. ئۇزاقتىن بۇيان گېرمانىيە فاشىستلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ كەلگەن رىزا 1941 - يىلى ئىرانغا كىرگەن سوۋېت - ئەنگلىيە بىرلەشمە ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئۆچۈرۈلدى، قىرىقلارنىڭ قارىشىنى ئېلىپ قالغان خومېينى شۇ ۋاقىتلاردا ئايەتۇللاھلىق نامىغا ئېرىشىپ، ئۆزىنىڭ تۇنجى ساپ سىياسىي ئەسىرى —

«سىرنى ئېچىش» نى يازدى.

1961 - يىلى، شىئە مەزھىپىنىڭ ئىران بويىچە ھەممە ئېتىراپ قىلغان يولباشچىسى ئايەتۇللاھ سەئىد خوجا ھۇسەيىن بولوجىستانى دۇنيادىن ئۆتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىراننىڭ نۇرغۇن ئايەتۇللاھلىرى ئۇنىڭ دىنىي مەرتىۋىسىنى كۆزلەپ، بىر - بىرى بىلەن پۇت تېپىشتى. بۇ چاغدا خومېينى كۈرەشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى ۋە باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى كۈتمەيلا، شىئە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ ئىماملىرىنىڭ ۋەكىلى بولۇۋالدى. ئەمما ئىراننىڭ باشقا ئايەتۇللاھلىرى ئۇنى قانۇنلۇق دەپ ئېتىراپ قىلمايدۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا خومېينىنىڭ ھەقىقىي دىنىي يولباشچى بولۇپ قېلىشىغا ياردەم قىلغان كىشى دەل ئۇنىڭ ئەشەددىي رەقىبى پادىشاھ پەھلىۋى ئىدى.

60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا، ئىران پادىشاھى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، «بۈيۈك پارس ئىمپېرىيىسى» نىڭ ھەيۋىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، دوللار بىلەن نېفىتنى ئارقا تىرەك قىلىپ «ئاق ئىنقىلاب» قوزغىماقچى بولۇۋىدى، خومېينى مەملىكەت بويىچە 180 مىڭ موللا ئارقىلىق 80 مىڭ مەسچىتتە ئامرات خەلقنى پادىشاھقا قارشى ھايات - ماماتلىق كۈرىشى ئېلىپ بېرىشقا قوزغىدى. ئۇ: «ئاق ئىنقىلاب ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىلىرىگە خىلاپ، ئۇ ئامېرىكىنىڭ پىلانى، ئۇنىڭدا بىزنىڭ دېھقانچىلىقىمىزنى ۋەيران قىلىش، پۈتكۈل دۆلىتىمىزنى ئامېرىكىنىڭ تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە ئىستېمال بۇيۇملىرى تۆكمە قىلىپ سېتىلىدىغان بازارغا ئايلاندۇرۇش، دېھقانلىرىمىزنى ئەرزان ئەمگەك كۈچىگە ئايلاندۇرۇش مەقسەت قىلىنغان» دېدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ خان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مۇستەھكەملىنىپ كېتىشىدىن، بۇنىڭ بىلەن دىنىنىڭ ئىمتىيازىنىڭ يەنىمۇ كىچىكلەپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى، چۈنكى بۇنداق ئەھۋال دىنىي ھۆكۈمران سىنىپلارغا بەكمۇ پايدىسىز ئىدى. خومېينىنىڭ پادىشاھقا قارشى قوزغىغان دولقۇنى پۈتۈن ئىرانغا يېيىلدى، بۇنىڭدا دىنىي ساھەدىكىلەرمۇ ناھايىتى زور چىقىم تارتتى. قۇمدا بولغان ھەربىي توقۇنۇشتىلا ئۈچ مىڭ موللا ئۆلدى. شۇ قېتىمقى توپىلاڭ خومېينىنىڭ قۇم دىنىي ھۆكۈمرانلىرى گۇرۇھىدىكى سىياسىي ئورنىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى. پادىشاھلىق ھۆكۈمەت خومېينىنىڭ تەسىرىنى ئۈزۈل - كېسىل تۈگىتىش ئۈچۈن، 1964 - يىلى 11 - ئايدا، ئۇنى تۈركىيىنىڭ قەدىمكى ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى بۇرساغا سۈرگۈن قىلدى. چۈنكى تۈركىيە سۈننىي مەزھىپى مۇتلەق كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدىغان دۆلەت. يەنە كېلىپ، ئۇ يەردە مۇستاپا كامال ئىنقىلابىدىن بۇيان ئىسلام دىنىنىڭ سىياسىي جەھەتتە ھېچقانچە كۈچى قالمىغانىدى. شۇڭا پادىشاھ پەھلىۋى خومېينىنى ئۇ يەرگە سۈرگۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئەبەدىي قۇتۇلىدىغان بولدۇم دەپ ئويلىغانىدى. ئەمما ئەمەلىيەتتە، خومېينى تۈرلۈك ئامىللار بىلەن ئىراقتا كېتمۇېلىشنى ئويلايتتى، چۈنكى ئىران-ئىراق چېگرىسىدا شىئە مۇرىتلىرى بىلەن بولغان خىلمۇ خىل ئالاقىنى قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن داۋاملاشتۇرغىلى بولاتتى. ئىراق ھۆكۈمىتى ئىران پادىشاھىنىڭ باش ئاغرىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، 1965 - يىلى 10 - ئايدا، خومېينىنىڭ تەلىپىنى قاندۇردى. شۇنىسى كۈتۈلمىگەنكى، خومېينى ئىراققا بېرىپلا، پادىشاھقا قارشى كۈرەشنى يىراقتا تۇرۇپ باشقۇرۇش ئاسانچىلىقىغا ئىگە بولۇپلا قالماي، ئەينى ۋاقىتتا، ئىراق ھۆكۈمىتىگىمۇ ئاۋارىچىلىق تۇغدۇرۇپ بەردى.

خومېينى ئىراقنىڭ ناجاپ دېگەن يېرىدە تۇرغاندا، ئۆزىنىڭ سىياسىي چاقىرىق كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزىنى «ئىمام» دەپ ئاتىۋالدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ناجاپ دۇنيا بويىچە شىئە مەزھىپىنىڭ خەۋەر مەركىزى بولۇپ قالدى.

1975 - يىلى ئىران بىلەن ئىراق چېگرا كېلىشىمى ئىمزالىدى، ئىراق ئەرەب دەرياسى توغرىسىدىكى تالاشتا يول قويدى، ئىرانمۇ ئىراققا قارىتىلغان ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرىنى توختاتتى، شىمالدىكى كۈردلارنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى قوراللىق كۈچلىرىنى قوللىمايدىغان بولدى. ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشىلىنىپ قالغانلىقتىن، ئىراق ھۆكۈمىتى خومېينىنىڭ ئىراق تۇپرىقىدا تۇرۇپ، پادىشاھقا قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بارماسلىقىنى تەلەپ قىلىۋىدى، خومېينى بۇ تەلەپنى قەتئىي رەت قىلدى ھەمدە ئىراقتىكى شىئە مۇرىتلىرىغا ئۇچۇقتىن-ئۇچۇق: «مەن سۈننىي مەزھىپىدىكىلەر ھوقۇق تۇتقان ئىراق ھۆكۈمىتىنى ياقتۇرمايمەن» دەپ، مۇرىتلارنى ئىسيان كۆتۈرۈشكە قۇتراتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئىراق ھۆكۈمىتى 1978 - يىلى 10 - ئايدا، ئۇنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقاردى. خومېينى كۇۋەيتنى ئۆزىنىڭ ئۈچىنچى سەرگەردانلىق ماكانى قىلىش ئۈچۈن كۇۋەيتكە بارماقچىمۇ بولغانىدى، بىراق، كۇۋەيت ئەمىرى ھەم ئىران پادىشاھىنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن قورقۇپ، ھەم خومېينىنىڭ «ئىسلام ئىنقىلابى» نىڭ يۇلغاتقۇ تارقىتىشىدىن قورقۇپ، خومېينىنى قوبۇل قىلغىلى ئۇنىمىدى، نەتىجىدە خومېينى پارىژغا كەتتى.

خومېينى پارىژغا بېرىپلا خەلقئارا ئاخباراتتىكى مەشھۇر شەخس بولۇپ قالدى، پەھلىۋى ھاكىمىيىتى ئىڭغىيىپ قالغان كۈنلەردە، يەنى 1979 - يىل 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، خومېينى زەپەر بىلەن قايتىپ كېلىپ، ئىران ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە مېۋىسىنى تارتىۋالدى.

## 2. خومېينىنىڭ «خەلىفەتۇلئىسلام» چۈشى ۋە ئىراننىڭ رېئال ئەھۋالى

1979 - يىلىنىڭ بېشلىرىدا پەھلىۋى خاندانلىقى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوزغىلىڭى ئىچىدە بىتچىت بولدى. خومېينى ئەمەلىي ھوقۇقنى قولىغا ئېلىۋېلىپلا، نەيرەڭۋازلىق قىلغىلى تۇردى: مىللىي بۇرژۇئازىيە يولباشچىسى مەھدى بازارگان زۇڭلىلىقىدىكى ۋاقىتلىق ئىسلام ھۆكۈمىتىنى قوللايدىغانلىقىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي يۈرگىنى بىلەن، يوشۇرۇن ھالدا ئۇنىڭ پۇتىغا خىش قويۇپ، ۋەزىيەتنىڭ تېخىمۇ قالايمىقانلىشىپ كېتىشىگە سەۋەب بولدى. بۇ چاغدا، بىر تەرەپتىن، پادىشاھنىڭ قالدۇق كۈچلىرى ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، پايىغا يېنىپ كېلىپ، مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىدە قارشىلىق كۆرسىتىپ يۈرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ ھەممىسى ئىراننى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى بويىچە ئۆزگەرتمەكچى بولدى. شۇ چاغدا، ئىراندىكى گۇرۇھلارنىڭ ھەممىسى ئىنقىلابىي كومىتېت ۋېۋىسكىسىنى كۆتۈرۈۋالغان، يەنە تېخى قورالغا ئىگە بولۇۋالغان بولۇپ، زېمىن ئىشغال قىلىش ئۈچۈن، بىر - بىرىگە ئورا كولاپ يۈرگەن. شۇ سەۋەبتىن تېھراندا ئۈزلۈكسىز ئۇرۇش بولۇپ تۇرغان ③. ئۇنىڭدىن باشقا، خومېينى بىلەن مۇنتىزىم ئارمىيە ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت تۇغۇلغان، ئاز سانلىق مىللەتلەر مىللىي مۇختارىيەت تەلەپ قىلغان، كۈرەش پەۋقۇلئاددە كۈچىيىپ كەتكەنىدى.

خومېينى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ھاۋا ئارمىيىلىرىدە كەڭ كۆلەملىك تەرتىپكە سېلىش، تازىلاش ئېلىپ بېرىلىپ، 12 مىڭدىن ئارتۇق كىشى تازىلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە 300 نەچچە نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك سەركەردە بار. خومېينى بۇنىڭ بىلەنمۇ خاتىرجەم بولالماي، ئارمىيىنى ئۆزىگە سادىق قوراللىق كۈچكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، نۇرغۇن موللىلارنى قوشۇننىڭ سىياسىي كومىسسارلىقىغا تەيىنلىدى.

ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ، بولۇپمۇ ئوتتۇرا، يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ كۆپىنچىسى، ئامېرىكىدا تەربىيىلەنگەن بولۇپ، خومېينىنى چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلمايلا قالماستىن، ئەكسىچە قىساس ئېلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇپ، كۆپ قېتىم سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىغان، ئەمما ھەر قېتىمدا مەغلۇپ بولغان. كۆپ ساندىكى ھەربىي ئەمەلدارلار مۇرەسسە ئاساسىدا يېڭى ھاكىمىيەت بىلەن بىللە بولۇشنى ئويلىغان. خومېينى بۇ قوشۇننى ئۆزگەرتىپ، ئۆزىگە سادىق كۈچكە ئايلاندۇرۇشنىڭ ئاسانغا چۈشمەيدىغانلىقىنىمۇ چۈشىنەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ دۆلەت مۇداپىئەسى مىنىستىرىنى، باش ئىشتاب باشلىقىنى ۋە ئۈچ ئارمىيىنىڭ قوماندان-

www.uyghurkitap.com

لىرىنى ئايلانما پانۇسقا ئوخشاش كەينى-كەينىدىن يەڭگۈشلىدى. بۇنىڭدىن باشقا، پادىشاھ تەختتىن چۈشىدىغان چاغدىكى بىر قىسىم تەنتەك ياشلارنى پىدائىيلار قىسمى قىلىپ، تەييارلىقتىكى ھەربىي تەشكىلاتقا، يەنى ئىسلام ئىنقىلابىنىڭ ياساۋۇل قىسمىغا ئۆزگەرتتى. خومېينىنىڭ ئۆزىنىڭ بارلىق رەقىبلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قازىنالىشىدا ئۇنىڭ ئۇستىلىق بىلەن نەيرەڭ ئىشلەتكەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ياساۋۇل قوشۇن ناھايىتى زور رول ئوينىدى.

خومېينى ھاكىمىيەتنى يۈزدە - يۈز ئىسلاملاشتۇرماقچى بولغانلىقى، دىنىي مۇستەبىتلىك سىياسەتنى يۈرگۈزمەكچى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىسلام دىنىغا يات پارتىيە - گۇرۇھلار ۋە تەشكىلاتلارغا ھەممىلا يەردە زەربە بېرىپ ۋە ئۇلارنى چەتكە قېقىپ، ھەر قايسى تەبىقىدىكىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە دەخلى-تەرۇز قىلغانلىقتىن، ئىراننىڭ ئىچكى زىددىيەتلىرى ئىنتايىن كەسكىنلىشىپ كەتتى. پارلامېنت سايلىمىدا، ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە — جۇمھۇرىيەتچىل ئىسلام پارتىيىسى ياتلارنى سىقىپ چىقىرىپ، ھەممە ھوقۇقنى قولىغا ئېلىۋېلىپ، نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ، زىيالىيلار-نىڭ، دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدى. ئۆزىنىڭ خىجالەتچىلىكىگە چىدىماي قەھرى - غەزەپكە كەلگەن خومېينى ئۆزىنىڭ دىنىي گۇرۇھىنىڭ كونتروللۇقىدا تۇرىدىغان ئاساسىي قانۇن تۈزۈش كومىتېتىنى تە-سىس قىلدى، يېڭى ئاساسىي قانۇندا خومېينىغا ھەممىنىڭ تۆپىسىدە تۇرۇش ھوقۇقى بېرىلگەنلىكى، بۇ ئىشنىڭ پۇقرالارنىڭ ئاۋاز بېرىشىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى ھەمدە قوشۇلۇش توغرىلىقلا ئاۋاز بېرىشكە بولىدىغانلىقى، قارشى ئاۋاز بېرىشكە بولماي-دىغانلىقى ئېنىق بەلگىلەندى، بۇ ئىشمۇ ھەر ساھە خەلقىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوز-غىدى، 20 نەچچە پارتىيە، تەشكىلات ۋە ئاز سانلىق مىللەت ئاۋاز بېرىشكە بايقۇت قىلىدىغانلىقىنى جاكالىدى. مەشھۇر دىنىي يولباشچى ئايەتۇللاھ شارىيات مادارىمۇ خومېينىغا شۇنداق چوڭ ھوقۇق بېرىشكە قوشۇلمىدى.

ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ ئاخبارات، نەشرىيات قانۇنىنى جاكالىغاندىن كېيىن، جۇمھۇرىيەتچىل ئىسلام پارتىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى گېزىت - ژۇرناللارنىڭلا چىقىرىلىشىغا رۇخسەت قىلىندى، باشقا پارتىيە - گۇرۇھ، تەشكىلاتلارنىڭ باشقۇرۇ-شىدىكى 12 خىل گېزىت - ژۇرنالنىڭ ھەممىسى تەقىپ قىلىندى. شۇ سەۋەبتىن، مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن كىشىلەر ئاخبارات - نەشرىيات ئەركىنلىكىنى تەلەپ قىلىپ، كوچىلارغا چىقىپ نامايىش ئۆتكۈزدى. ئاياللار خومېينى دىنىي گۇرۇھىنىڭ ئاياللار-نى كەمسىتكەنلىكىگە، ئاياللارنىڭ ئەركىنلىكىنى چەكلىگەنلىكىگە ئېتىراز بىلدۈردى. تۈمەنلىگەن ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن ھوقۇقتا

باراۋەر بولۇشنى ۋە ئايالLarنىڭ جەمئىيەتتىكى سىياسىي ئىشلارغا قاتنىشىش ھوقۇقىغا ئېرىشىشنى تەلەپ قىلىپ، ئىش تاشلاپ نامايىش ئۆتكۈزدى.

كۆرەشنىڭ ئەڭ شىددەتلىكى خومېينى گۇرۇھى بىلەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشتىن ئىبارەت بولدى. خومېينى مەدەنىيەت - مائارىپنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھ قىلماقچى بولۇپ، مەدەنىيەت - مائارىپ ساھەسىدىكى ئىسلاملاشتۇرۇشنى يولغا قويۇپ، «ئىسلام مەدەنىيەت ئىنقىلابى كومىتېتى» تەسىس قىلدى. 1980 - يىلى 4 - ئايدا مەملىكەت بويىچە 40 ئالىي مەكتەپنىڭ ھەممىسىدە دەرسنى توختىتىپ، «ئىسلام ئىنقىلابى» ئېلىپ باردى. خومېينى: «بىز ئىقتىسادىي جەھەتتە قامال قىلىنىشتىن قورقمايمىز. ھەربىي مۇداخىلىدىنمۇ قورقمايمىز، ئەمما غەرب ئۈچۈن ياكى كوممۇنىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان مۇستەملىكە ئىستۇدېنتلىرىنىڭ تەربىيىلىنىپ قېلىشىدىن قورقىمىز» دېدى. ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» تەدبىرى ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىنى قوزغىدى. ئىنقىلاب ياساۋۇللىرى ئوقۇغۇچىلارنى دەھشەتلىك تۈردە باستۇردى، بۇنىڭ بىلەن تېھران داشۆسىدىن 500 نەچچە ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى تازىلىۋېتىلدى. ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملارنىڭ غەرب بىلەن ياكى شەرق بىلەن باغلىنىشلىقى بولغانلىقى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ھەممىسى خومېينىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تازىلىۋېتىلدى.

خومېينى ھاكىمىيىتى قاتمۇ قات زىددىيەت ئىچىدە تۇرغان پەيتتە، ئىران بىلەن ئىراق ئوتتۇرىسىدا كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش پارتلىدى. ئۇرۇش يېڭى باشلانغان چاغدا، ئىراننىڭ ئىچكى زىددىيەتلىرى ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى، ھەر قايسى پارتىيە - گۇرۇھلار ئىلگىرىكى ئاداۋەتنى قايرىپ قويۇپ، يەكدىللىك بىلەن دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ ئىراققا قارشى ئۇرۇشىغا قىزغىنلىق بىلەن مەدەت بەردى، بىر مۇنچە ھەربىي ئەمەلدارلار خومېينى ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرمىسىدىن چىقىپلا، ئالدىنقى سەپكە بېرىپ، ئۆزىنى ۋەتەنگە بېغىشلىدى. بۇنىڭ بىلەن خومېينى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىناۋىتى تازا كۆتۈرۈلدى. خومېينى مۈشكۈل شارائىتتىن قۇتۇلدى، ئۇنىڭ ھۆكۈمىتىمۇ مۇستەھكەملەندى. بۇنى ئىراق زۇڭتۇڭى سادامنىڭ كاتتا ياردىمى دېيىش كېرەك.

ئىران - ئىراق ئۇرۇشى خومېينىنى مۈشكۈل شارائىتتىن قۇتۇلدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئېغىر باش ئاغرىقى تېپىپ بەردى. بۇ باش ئاغرىقنىڭ بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى شۇ بولدىكى، ئىران ئارمىيىسى (جۈملىدىن ئىنقىلاب ياساۋۇللىرى) ئىران - ئىراق ئۇرۇشىدا ئېغىر تالاپەتكە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇچرىدى. ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ ئېيتىشىچە، «ئىراننىڭ جەڭگاھتا ئۆلگەن ئادىمى 270 مىڭ، يارىدار بولغان ئادىمى تەخمىنەن 40 مىڭ» ④، ئەسىرگە چۈشكەن ئادىمى 50 مىڭ ئىكەن. ئەگەر كۆرتلار مۇھاسىرىگە ئېلىنغاندا تالاپەتكە ئۇچرىغان ۋە ئۇرۇش سەۋەبىدىن ئۆلگەن پۇقرالار قوشۇپ ھېسابلىنىدىغان بولسا، ئادەم كۈچى جەھەتتىكى زىيان تېخىمۇ ئېغىر بولغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، خەلق ئۇرۇشتىن قاتتىق بىزار بولۇپ، ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە ئوخشاش ۋەتەننى قوغداش، «ئاللاھ» نى قوغداش ئۈچۈن ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىۋەرمەيدىغان بولدى.

ئىراننىڭ ھەر خىل بايلىقلىرى ناھايىتى مول، بولۇپمۇ نېفىت بايلىقى ئىراننىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرى. ئۇنىڭ نېفىتتىن كېلىدىغان يىللىق كىرىمى 23 مىليارد دوللارغا يېتىدۇ. 1978 - يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، ئىچكى مالىمانچىلىق ۋە ئىران - ئىراق ئۇرۇشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ نېفىت مەھسۇلاتى تۆۋەنلەپ كەتتى. ئىراق ئۆزىنىڭ ھاۋا ئارمىيىسى جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ، ئىراننىڭ ئىچكى جايلاردىكى مۇھىم سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي، مەركىزىي شەھەرلىرىنى شۇنىڭدەك نېفىتلىكلىرىنى، نېفىت ئايرىش زاۋۇتلىرىنى، ئېلېكتىر ئىستانسىلىرىنى، خىمىيە زاۋۇتلىرىنى بومباردىمان قىلىپ، ئىران ئىقتىسادىنى غايەت زور دەرىجىدە ۋەيران قىلدى، نەتىجىدە، 1986 - يىلى ئىراننىڭ دارامەت بېجى 6 مىليارد دوللارغا چۈشۈپ قالدى. ئىراننىڭ ئۇرۇش خىراجىتى بولسا، خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ھەر يىلى 14 مىليارد دوللارغا يەتكەن (بۇ خىراجەت ئاساسەن، چەت ئەللەردىن ئۇرۇش ئەشيالىرى سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىلگەن). 1986 - يىلى، ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە خامچوتىدىن چىققان قىزىل رەقەم 45% بولغان ⑤. مۆلچەرلىنىشىچە، ئىراننىڭ ئۇرۇش جەريانىدا تارتقان زىيىنىمۇ 200 مىليارد دوللارغا يەتكەن، بۇنىڭ 50% ى ماددىي ئەشيا ۋە بىناكارلىق جەھەتتە كۆرۈلگەن. ئۇنىڭ ئىستېمال بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان سانائىتىمۇ تارىيىپ كەتكەن. زاۋۇتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈنۈمى 30 — 40% لا بولغان. ئىران ھۆكۈمىتىنىڭ ئېلان قىلىشىچە، ئىشسىزلارنىڭ سانى 2 مىليونغا يەتكەن ⑥. 1987 - يىلى 3 مىليوندىن 3 مىليون 650 مىڭغىچە بولغان ⑦. ئىشسىزلىق ئىراندا ئېغىر ئىجتىمائىي مەسىلە بولۇپ قالغان. كەڭ نامرات ئائىلە مال باھاسىنىڭ ئۇچقاندەك تېز ئۆرلەپ كېتىۋاتقانلىقى تۈپەيلىدىن ھۆكۈمەتتىن نارازى بولماقتا. ھەقىقەتەن «پۇقرالار ھەممىلا يەردە ھۆكۈمەتنى تىللاپ يۈرمەكتە. دېمىسىمۇ تىللىغىنىنىڭ يولى بار» ⑧. ئۇرۇش ئۇزۇن

كىشىلەرنىڭ ئائىلىسىنى ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتتى، كوچىلاردا تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرگەنلەر ناھايىتى كۆپىيىپ كەتتى[7].

پەھلەۋى خاندانلىقىنىڭ قالدۇق كۈچلىرىمۇ ئىراننىڭ زېمىنىنى يېڭىباشتىن قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەدەپ ھەرىكەتلەنمەكتە. سابىق پادىشاھنىڭ ئوغلى رىزا پەھلەۋى ئامېرىكىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، خومېينىغا قارشى ئىجتىمائىي كۈچلەرنى ھەدەپ ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرغان. ئۇ 1987 - يىل 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ۋاشىنگتوندا مۇخبىرلارغا مۇنداق دېگەن: «ئىراندا خومېينىغا قارشى خېلى زور بىر كۈچ پەيدا بولدى. بۇ كۈچ ئارمىيە ئىچىدىمۇ، پۇقرالار ئىچىدىمۇ بار. ئۇلار پەيت پىشىپ يېتىلگەندە قوزغىلىدۇ. فرانسىيىدە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن ئاخىرقى باش ۋەزىر بەختىيارمۇ ئىران خەلقىنى ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى ھاكىمىيەتتىن بىزار بولغانلىقىنى ۋە ئىران - ئىراق ئۇرۇشىنىڭ ئاياغلىشىشىنى تەلەپ قىلىدىغان ئارزۇسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كوچىلارغا چىقىپ نامايىش قىلىشقا چاقىرماقتا»[11]. تېھراننىڭ سابىق ھەربىي باشلىقى ئوۋەيسىنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن نەچچە مىڭ كىشى ئۆزلىرىنى ئىران خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى دەپ ئاتاپ، ئىران بىلەن ئىراقنىڭ چېگرىداش جايلىرىدا تايانچ بازا قۇرۇپ، خومېينى ھاكىمىيىتى بىلەن كۈرەش قىلماقتا.

ئەمما، خومېينىغا قارشى تۇرىدىغان ئىجتىمائىي كۈچلەر ھازىر تېخى ئىتتىپاقلىشىپ كېتەلمىدى، شۇڭا ئۇلار ئىراننىڭ موللىلار ھۆكۈمىتىگە ئەجەللىك زەربە بېرەلمەيۋاتىدۇ.

## 3. ئىسلام ئىنقىلابى ۋە تېررورلۇق

ھازىر دۇنيادا مەلۇم سىياسىي مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن تېررورلۇق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تەشكىلاتلار ناھايىتى كۆپ، ئۇلارنىڭ قوللىنىدىغان ۋاسىتىلىرى تۇتۇپ كېتىش، قەستلەپ ئۆلتۈرۈش، پارتلىتىش قاتارلىق جەمئىيەتكە زىيان يەتكۈزىدىغان، ئاممىدىن ئايرىلىدىغان، يىگانىچىلىقتىنلا ئىبارەت بولماقتا. بۇنداق قىلىقلار خەلقنىڭ ئىنقىلابىي قوراللىق كۈرىشىگە خاراكتېر جەھەتتىن ئەسلا ئوخشىمايدۇ. خومېينى «ئىسلام ئىنقىلابى»نى ئېكسپورت قىلىش ئۈچۈن، ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولماي تۇرۇپ، ئىسلام ئىنقىلابىنىڭ ياساۋۇللىرى ئىچىدىكى تەنتەكلەر ۋە لىۋاننىڭ كالامۇللاھچىلار پارتىيىسى قاتارلىق تېررورلۇق تەشكىلاتلىرىدىنلا پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ «مارا كەشتىن ھىندونېزىيىگىچە سوزۇلغان ئىسلام دۆلىتى

www.uyghurkitap.com

قۇرۇشتىن ئىبارەت سىياسىي قارا نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولدى»[11]. بۇ جەھەتتە ئالدى بىلەن ئۇنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغانلىرى ئىراق، لىۋان، كۇۋەيت، سەئۇدى ئەرەبىستانى قاتارلىق غەربىي ئاسىيا سۈننىي مەزھىپى ھۆكۈمرانلىقىدىكى دۆلەتلەر بولدى.

خومېينىنىڭ «ئىسلام ئىنقىلابى» نى ئېكسپورت قىلىشتىكى ئۇسۇلى مۇنداق بىر نەچچە خىل بولدى:

(1) «كەئبە» لەرگە بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش. خومېينى ئىسلام دىنىنىڭ «كەئبە» سى مەككە، مەدىنە ۋە شىئە مەزھىپىنىڭ «كەئبە» سى ناجاف، كەربەلا قاتارلىق جايلارغا ئۇزاقتىن بۇيان ئۈمىد باغلاپ كەلگەن. ئۇ بىلەتتىكى، كىمكى بۇ «كەئبە» لەرگە قارىتا، ئىگىدارلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولسا، شۇ كىشى ئىسلام دىنىنىڭ داھىسى بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولالايتتى. ئىسلام دىنىنىڭ ئۆز ئىچىدىكى مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدا مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن كۈرەشنىڭ تارىخى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىسلام دىنىغا رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقىنى تالىشىش تارىخىدىن ئىبارەت بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، خومېينى ئىران ھاكىمىيىتىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىنلا، «كەئبە» گە بولغان رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، خىلمۇ خىل ۋاستىلارنى قوللاندى، مەسىلەن، ئىراق بىلەن ئۇرۇشۇش ئارقىلىق ئىراقنىڭ ناجاف، كەربەلا دېگەن يېرىنى تارتىۋالدى، ھەج تاۋاب قىلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، مەككە بىلەن مەدىنىنى تارتىۋالماقچى بولدى. 1987 ـ يىلى مەككىدە يۈز بەرگەن قانلىق ۋەقەدە 402 ئادەم ئۆلدى، 669 ئادەم يارىدار بولدى، بۇ ۋەقە پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈردى.

ئىران 1987 ـ يىلى مەككىدە مەغلۇپ بولغانلىقىغا تەن بەرمەي، شۇ يىلى 11 ـ ئايدا تېھراندا ئىسلام كېڭىشى چاقىردى، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كېلىپ كېڭەشكە قاتناشقانلاردىن 200 كىشى خومېينىنىڭ ھىمايىچىلىرى بولۇپ، ئۇلار كېڭەشتە مەككە بىلەن مەدىنىنى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن تارتىۋېلىپ، «خەلقئارادا ئورتاق باشقۇرۇش» ھەققىدە قارار چىقاردى. بۇ جەھەتتىكى كۈرەش تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، بۇ ھەقتە ئالدىن بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ، ئەمما ئىراننىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانىنى پارچىلاش سۇيىقەستى ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

(2) قوشنا دۆلەتنىڭ قانۇنىي ھۆكۈمىتىنى سىياسىي ۋاستە ئارقىلىق ئاغدۇرۇۋېتىش.

خومەينى ئۆزىنىڭ ئىنقىلاب ياساۋۇللىرىنى ھەممىلا يەردە چاتاق چىقىرىشقا كۈشكۈرتۈپ، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن بەك چۈشۈپ كەتتى، خەلقئارادىمۇ خېلىلا يېتىم قالدى. ئەمما ئىسلام ئەللىرىدىكى شىئە مەزھەپلىرىدە ۋە دىنىنىڭ ئىپتىدائىي ئەقىدىسىگە ئېسىلىۋالىدىغانلار ئىچىدە ئۇنى قوللايدىغانلار بار، ئۇلارنىڭ سانى كۆپ ئەمەس، ئەمما ئۇلارنىڭ كۈچىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ.

1. بەھرەيىندە، 1979 ـ يىلى — خومەينى ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئىراننىڭ بىر دىنىي يولباشچىسى رۇھانى كۆپ قېتىم باياناتلار ئېلان قىلىپ، «بەھرەيىن ئىراننىڭ بىر قىسمى» دېدى، ئۇنىڭ بۇ باياناتى ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا دىپلوماتىيە ماجىراسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 1981 ـ يىلى، خومەينى ئۆزىنىڭ ئاخبارات ئورگانلىرى ئارقىلىق بەھرەيىن ئاھالىسىنىڭ 70 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان شىئە مۇرىتلىرىنى سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىشقا قۇتراتتى. بەھرەيىن سۈننى مەزھىپى ھۆكۈمىتى ئومۇمىيۈزلۈك ئىجتىمائىي پاراۋانلىق تۈزۈمىنى يولغا قويغانلىقتىن، شىئە مەزھىپىدىكى پۇقرالار كەڭ سىياسىي ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىراندا ھەر يىلى يۈز بېرىپ كېلىۋاتقان مالىمانچىلىق پۇقرالارنى كۈن كەچۈرەلمەيدىغان ئەھۋالغا كەلتۈرۈپ قويغانلىقتىن، ئىران شىئە مەزھىپىدىكىلەرنى جەلپ قىلىش كۈچىدىن مەھرۇم بولدى. ئىراندىكىلەر بىلەن قانداش بولغان ئايرىم ساندىكى دىنىي تەنتەكلەر چاتاق چىقىرىپ، بەھرەيىن جىنايىي ئىشلار تەكشۈرۈش ئىدارىسى تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى. كۆپ سانلىق پۇقرالار ئۇلارنى جازالىنىشقا تېگىشلىك ئىدى دەپ ھېسابلىدى. خومەينىنىڭ بەھرەيىنگە قارىتا ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش سۈيىقەستى ئەنە شۇ سەۋەبلەر بىلەن ئەمەلگە ئاشمىدى.

2. كۇۋەيتتە، ئىران ـ ئىراق ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، ئىران ئىراق مال ئىمپورت قىلىش ـ ئېكسپورت قىلىش جەھەتتە كۇۋەيتنىڭ پورتلىرىدىن پايدىلاندى دېگەن باھانە بىلەن، كۇۋەيتنى توپقا تۇتۇپ، كۇۋەيتنىڭ نېفىت سانائىتىنى ناھايىتى زور زىيانغا ئۇچراتتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا، كۇۋەيت سەئۇدى ئەرەبىستاتى ھۆكۈمىتى بىلەن بىللە ئىراققا 37 مىليارد دوللارلىق ئىقتىسادىي ياردەم بەردى.[12] بۇنىڭدىن قاتتىق خاپا بولغان خومەينى ھۆكۈمىتى كۇۋەيتنىڭ پورتلىرىنى، نېفىت پاراخوتلىرىنى ئۈزلۈكسىز توپقا تۇتۇشتىن تاشقىرى، سۈننى مەزھىپىدىكىلەر ئاساس قىلىنغان كۇۋەيت ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇۋېتىشنى ھەدەپ پىلانلىدى. خومەينى ئۆزىنىڭ ئىنقىلاب ياساۋۇللىرى قوشۇنىنى ۋەلىۋاننىڭ كالامۇللاھچىلىرىنى ئوغرىلىقچە كۇۋەيتكە كىرىپ پارتلىتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشقا كۈشكۈرتتى، كۇۋەيت ئاھال-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

سىنىڭ 24% نى تەشكىل قىلىدىغان شىئە مەزھىپىدىكىلەرنى ئىسيان كۆتۈرۈشكە قۇترىتاتتى. ئېيتىلىشىچە، شىئە مەزھىپىدىكى بەزى رادىكاللار كۇۋەيتنىڭ ئارمىيە، ساقچى ئورگانلىرىغا ۋە نېفىت سانائىتى تارماقلىرىغا سۇقۇنۇپ كىرىۋېلىپ مۇھىم ۋەزىپىلەرنى قولىغا كىرگۈزۈۋالغان. بۇ يېقىندا كۇۋەيت ھۆكۈمىتى ئىراننىڭ ئاغدۇرمىچىلىق، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، بىر قىسىم خەۋپلىك ئۇنسۇرلارنى تازىلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقلىرى يەنىلا توختىمىدى.

3. لىۋاندا، لىۋاندىكى سىياسىي گۇرۇھلارنىڭ ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرىشى تۈپەيلىدىن 13 يىل ئىچكى ئۇرۇش بولدى. بۇنىڭ بىلەن لىۋاننىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئىنتايىن قالايمىقانلىشىپ كەتتى. خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكى ھېچقانداق كاپالەتكە ئىگە بولمىدى، خەلق غايەت زور ئازاب-ئوقۇبەت تارتتى. ئەمما، ئەڭ زور كۆلپەتكە ئۇچرىغانلار لىۋاندىكى ئاددىي شىئە مۇرىتلىرى بولدى.

لىۋاندىكى شىئە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ سانى ھازىر 1 مىليون 100 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى ⑬. ئۇلار لىۋان ئاھالىسىنىڭ ئومۇمىي سانىنىڭ 30 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئۇلار مەملىكەت بويىچە ئادىمى ئەڭ كۆپ مەزھەپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شىئە مەزھىپىدىكىلەر ئەينى ۋاقىتتا يەنە ئىككى چوڭ سىياسىي گۇرۇھقا بۆلۈنىدۇ. بىرى نەبى بىل رەھبەرلىكىدىكى سۈرىيە پەرەس «ئەمرۇللاھ» چىلار، يەنە بىرى ئىران پەرەس «كالامۇللاھ» چىلار.

«كالامۇللاھ» چىلار («ئىسلام غازاتچىلىرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئىچىدە «مۇساۋىلار جەمەتى» ۋە ئىمام مەھدىيىلەر سۈيىقەستچىلىرى بار. ئۇلارنىڭ ھەممىسى خومېينىنىڭ يۆلىشى بىلەن يېتىشىپ چىققان، ئىراننىڭ «ئىسلام ئىنقىلابى» ئۈچۈن سادىقلىق بىلەن ئىشلەيدىغان تەشكىلاتلار، شۇنداقلا خومېينىنىڭ چەت ئەللەردە تېررورلۇق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشتىكى مۇھىم قورالى.

بۇ پارتىيىنىڭ باش ئىشتابى لىۋاننىڭ شەرقىي قىسمىدىكى بىقا جىلغىسىغا جايلاشقان بالابېك شەھىرىدە. بۇ پارتىيىنىڭ ئادەملىرى ئۆتمۈشتە دائىم لىۋاندا كىشىلەرنى تۇتقۇن قىلىش، بارىمتايلىققا ئەپقېلىش، قەستلەپ ئۆلتۈرۈش، پارتلىتىش ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن، باشقا مەملىكەتلەردىمۇ تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارغان، ياۋروپادا ئايروپىلان ئەپقېچىش، ئوغرىلىقچە ئۆلتۈرۈش ھەرىكەتلىرىنىمۇ شۇلار قىلغان، ئۇلار سەئۇدى ئەرەبىستانى، كۇۋەيتنىمۇ ئۆزلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئوققا تۇتۇش نىشانى قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

بۇ يېقىندا، كالامۇللاھچىلار پارتىيىسى بىلەن ئەمرۇللاھچىلار ئوتتۇرىسىدىكى يوشۇرۇن خەۋپ توساتتىن پارتلىدى. ئەمرۇللاھچىلارنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىندى، دىننىڭ ئىپتىدائىي ئەقىدىسىگە ئېسىلىۋالىدىغان ئىرانپەرەستلەرنىڭ ۋەكىلى ئەلى ھۇسەيىن بىلەن ئاتىف ئېئىسىن بۇ تەشكىلاتنىڭ مەركىزىي كومىتېتىدىن سىقىپ چىقىرىلدى. كالامۇللاھچىلار پارتىيىسىمۇ ئۆز ئىچىدە تازىلاش ئېلىپ بېرىپ، ئىرانغا قارىتا مۇستەقىل پوزىتسىيە تۇتىدىغان كىشىلەرنى پارتىيىدىن قوغلاپ چىقاردى ھەمدە ئۆزىنىڭ مەنىۋى يولباشچىسى فەدەررۇللاھنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، خومېينىنىڭ بۇ پارتىيىگە بولغان كونتروللۇقىنى كۈچەيتتى. ئىران بۇ تەدبىرلەرنى قوللىنىشتا، ئاساسەن، لىۋاندا ئىران ئەندىزىسىدىكى لىۋان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشقا پائال تەييارلىق كۆرۈشنى مەقسەت قىلغان. كالامۇللاھچىلار پارتىيىسى بىلەن ئەمرۇللاھچىلار تەشكىلاتىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى شىئە تەشكىلاتى ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش، ئەمەلىيەتتە، لىۋاننى سۈرىيە ھۆكۈمىتى بىلەن ئىران ھۆكۈمىتىدىن قايسى كونترول قىلىدۇ دېگەن مەسىلە ئۈستىدىكى توقۇنۇشنىڭ ئىنكاسى.

4. سەئۇدى ئەرەبىستانىدا، ئىران ھەر يىلى ھەج تاۋاپ قىلىش مەزگىلىدە ئىنقىلاب ياساۋۇللىرىنى مەككىگە ئەۋەتىشتىن تاشقىرى، سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى شىئە مەزھىپىدىكى دىنىي رادىكاللارنى قوللاپ، پاراكەندىچىلىك تۇغدۇردى. ئىنقىلاب ياساۋۇللىرى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ خاسائەل ئۆلكىسىدىكى شىئە مەزھىپى يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى بىلەن دائىملىق ئالاقە باغلاپ، ئىران ھۆكۈمىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، مۇرىتلارنى كوچىلارغا چىقىپ نامايىش قىلىشقا قۇتراتتى، بۇ مۇرىتلار سەئۇدى خان ئوردىسىغا ۋە ئامېرىكىغا قارشى شوئارلارنى بولۇشىچە توۋلاپ سەئۇدى ھۆكۈمىتىنىڭ دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئىچىدىكى ئىناۋىتىنى تۆكتى.

5. ئىران كالامۇللاھچىلار پارتىيىسىنىڭ ئاكتىپلار تورى:

غەرب ئەللىرىنىڭ ئاخبارات تارماقلىرىنىڭ پاش قىلىپ قويۇشىچە، خومېينى گۇرۇھى غەربىي ياۋروپا، ئەرەب ئەللىرىدە ۋە باشقا جايلاردا كالامۇللاھچىلار پارتىيىسىنىڭ ئاكتىپلار تورىنى قۇرغان. 1987 - يىلى 8 - ئاينىڭ باشلىرىدا، ئەنگىلىيىدە چىقىدىغان «دۇنيا ئاخباراتى» گېزىتى ئىراننىڭ يېقىندىن بۇيان بىر تۈركۈم تېررورچىلارنى ئەنگلىيىگە يوشۇرۇن ھالدا كىرگۈزگەنلىكىنى، بۇكىشىلەرنىڭ سانىنىڭ تەخمىنەن 30 مىڭچە ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئوقۇغۇچى، ساياھەتچى ۋە سانائەتچى دېگەن سالاھىيەت بىلەن ئەنگلىيىگە كىرىۋالغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنى خومېينى ئۆزىنىڭ رەقىبلىرى ئۈستىدىن پايلاقچىلىق

قىلىشقا قويغانلىقىنى، قالغانلىرىنىڭ بولسا مەخسۇس تەربىيە ئالغان تېررورچىلار ئىكەنلىكىنى، خومېينىنىڭ سىياسىي جەھەتتە ئېھتىياجى چۈشكەن ھامان، ئۇلارنىڭ دىن ئۈچۈن شەھىد بولۇشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرىدىغانلىقىنى ئاشكارىلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ كوچىلاردا پارتلىتىش ۋە ئوق چىقىرىش ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىدىن ئەنسىرىگەن. بۇنىڭدىن باشقا، فرانسىيە ھۆكۈمىتى 1987 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا پاش قىلغان گۇرگى ۋەقەسى خومېينىنىڭ قول ئاستىدىكى رادىكاللارنىڭ ياۋروپادىكى چېكىدىن ئاشقان ئوڭچىلار بىلەن قولمۇ قول تۇتۇشۇپ ھەمكارلاشقانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ياۋروپادىكى چېكىدىن ئاشقان ئوڭچىلار ھەم قىزىل ساياھەتچىلەر ئۇلارنىڭ تېررورلۇققا قىزىقتى، ھەم ئىراننىڭ «ئىسلام ئىنقىلابى» غا ئاشىق بولۇپ قالدى. فرانسىيە يېڭى ئوڭچىلىرىنىڭ بىر نەزەرىيىچىسى: بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئىسلام دۇنياسىنىڭ «ئويغىنىشى» بىز ئۈچۈن خەۋپ ئەمەس. ئەكسىچە، بىزنىڭ ئۈمىدىمىز، دېگەن.

شىنخۇا ئاگېنتلىقى 1987 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى مۇنداق دەپ خەۋەر قىلدى: ئىراننىڭ دىنىنىڭ ئىپتىدائىي ئەقىدىسىگە يېپىشۋېلىش مەسلىكى يېقىندىن بۇيان ئىران بىلەن پاكىستاننىڭ چېگرىداش جايلىرىغا يېيىلدى، بۇ يىل يازدا ئىران زەربىدارلىرى كاراچى بىلەن قۇۋېيتتادا خومېينىغا قارشى تۇرىدىغان كىشىلەرنى كەڭ كۆلەمدە ئوققا تۇتتى. ئىران ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ باشقا جايلىرىدىكى شىئە مەزھەپلىرىنى قوللايدىغانلىقىنى قىلچە يوشۇرمايدۇ. ئىراننىڭ پاكىستاندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بىرقېتىملىق دىپلوماتىك زىياپەتتە، مەن شىئە مەزھىپىدىكى نەچچە مىليون ئادەمنى بىر سائەتتىلا پاكىستاننىڭ كوچىلىرىغا يىغالايمەن دەپ ئاشكارا ئېيتقان. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، پاكىستاندىكى شىئە مەزھىپىدىكىلەر بۇ يېقىندا سىياسىي جەھەتتىن تەشكىللىنىپ، پاكىستاننىڭ داۋالغۇپ تۇرغان سىياسىي ۋەزىيىتىدىكى بىر كۈچ بولۇپ قالدى ⑭.

بۇنىڭدىن باشقا، خومېينىنىڭ سىياسىي تەسىرى ئافرىقىدىمۇ كۈچەيمەكتە. مەسىلەن، مىسىردىكى، تۇنىستىكى، ماراكەشتىكى، سېنېگالدىكى، نىگېرىيەدىكى شۇنىڭدەك بەزى شىمالىي ئافرىقا ئەللىرىدىكى شىئە مەزھىپىدىكى دىنىنىڭ ئىپتىدائىي ئەقىدىسىگە يېپىشىۋالىدىغان تەشكىلاتلار خومېينىنىڭ «ئىسلام ئىنقىلابى» نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇمۇ ناھايىتى نازۇك مەسىلە بولۇپ قالدى. نارازىلىقنى قەلبىگە پۈكۈپ يۈرگەن ئافرىقىلىق زىيالىي ياشلار ئارىسىدا بۇ تەشكىلاتنىڭ خېلى كۆپ ئەگەشكۈچىلىرى بار. بۇلار بىر تەتۈر ئېقىمغا ئايلىنىپ قالدى. بۇ دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى بۇ كۈچنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشكە ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، لېكىن

ئانچە چوڭ ئۈنۈم ھاسىل قىلالمىدى، يەنە تېخى بۇ كۈچ داۋاملىق ئۇلغىيىدىغاندەك تۇرىدۇ.

## 4. خاتىمە

ئىنسانلار سىنىپىي جەمئىيەتكە كىرگەندىن كېيىن، دىن ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنى قۇللۇقتا تۇتۇپ كەلدى. مۇئەييەن تارىخىي شارائىتتا، ئېزىلگۈچى سىنىپلار ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇشتا، بەزى ۋاقىتلاردا، دىننى بايراق قىلىپمۇ ئىنقىلاب سەپەرۋەرلىكىنى ئېلىپ بارالايدۇ.

ھازىر ئىسلام ئەللىرىدە شۇنداق قىلىنىۋاتىدۇ، ئۇ يەرلەردە پرولېتارىيات ھازىر تېخى بىر خىل سىنىپىي كۈچ بولۇپ يېتىلمىدى، ئىسلام دىنىنىڭ ئىدىيىسى ھەممە ساھەگە چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەزھەپلەر مۇرەككەپلىشىپ كەتكەن، «قۇرئان كەرىم» نىڭ، ھەدىسلەرنىڭ شەرھىسىمۇ ھەر خىل بولۇۋاتىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئىككى خىل قاراش بار، بىر خىل قاراشتىكىلەر ئىسلام ئەقىدىلىرىنىڭ بەزى قىسىملىرىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، بەزى قىسىملىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ ھازىر ئىسلام ئەللىرىنىڭ كۆپچىلىكىدە ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان ھازىرقى زامان ئىدىيىۋى ئېقىمى، بۇنداق ئىدىيىۋى ئېقىمدىكىلەر شىددەت بىلەن ئۆزگىرىۋاتقان ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرگە ئالغا قاراش پوزىتسىيىسى بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى ئەرەب ئەللىرىنىڭ ھۆكۈمەتلىرى دۆلەتنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇلۇشىنى ئاكتىپ پوزىتسىيە بىلەن كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىش شەرتى ئاستىدا، دىنىي تۇرمۇش بىلەن دىندىن خالىي تۇرمۇشنى پەيدىنپەي ئايرىش سىياسىتىنى يولغا قويماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ دۆلەتلەردە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى بارلىققا كەلدى، خەلقنىڭ تۇرمۇش شارائىتى ياخشىلاندى. يەنە بىر خىل قاراشتىكىلەر ئىسلام ئەقىدىلىرى «ئاللاھنىڭ تاپشۇرۇقى»، ئەبەدىلئەبەد ئۆزگەرمەيدىغان «ھەقىقەت»، كىمكى ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرىدىكەن، شۇ ئاللاھتىن يۈز ئۆرۈگەن بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئىسلام ئەللىرىدە ئوتتۇرىغا چىققان زامانىۋىي ئىدىيىۋى ئېقىمنى «شەيتانلىق» دەپ قارايدۇ، «ئاللاھ» نى قوغداش ئۈچۈن، ئىسلام دىنىنى پاكلاشتۇرۇشنى، «قۇرئان كەرىم» نىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋە ھەدىسلەرنىڭ توپ ئەقىدىسىگە قايتىشنى چىڭىنىڭ بىرىچە تەشەببۇس قىلىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ ئىپتىدائىي ئەقىدىسىگە يېپىشىۋېلىش ئىدىيىۋى ئېقىمى دېگەن ئەنە شۇ. دىنىڭ ئىپتىدائىي ئەقىدىسىگە يېپىشىۋېلىشنىڭ ۋەزىيىتى ناھايىتى كۆپ. بۇنىڭ ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە بولغىنى ھەم تەسىرى ئەڭ زور بولغىنى خومېينىنىڭ «ئىسلام ئىنقىلابى».

ماركس: «بىز دىنىمىزلىقنى ئىلاھىيەتچىلىككە ئەمەس، ئىلاھىيەتچىلىكنى دىنىمىزلىققا ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم. تارىخ خېلى ئۇزاقتىن بۇيان خۇراپاتلىق بىلەن چۈشەندۈرۈلۈپ كەلدى. ئەمدى بىز خۇراپاتلىقنى تارىخ بىلەن چۈشەندۈرىمىز»⑪ دەپ كۆرسەتكەنىدى. بۇ دەل تارىخىي ماتېرىيالىزمچىلارنىڭ بۇ مەسىلە ئۈستىدە توختۇشىغا تېگىشلىك پوزىتسىيە.

بىز ئىسلام دىنىنىڭ تارىخىنى ۋاراقلاپ باقساقلا، شۇنى بىلەلەيمىزكى، دىنىنىڭ ئىپتىدائىي ئەقىدىسىگە يېپىشىۋالىدىغان، دىنىنىڭ «قۇرئان كەرىم» دىكى، ھەدىسلەردىكى توپ ئەقىدىلىرىگە قايتىشنى تەلەپ قىلىدىغان ئېقىم يېڭى شەيئىي ئەمەس، بەلكى ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا قايتا ـ قايتا ئوتتۇرىغا چىققان دەۋرىي خاراكتېرلىك ھادىسە. ئېنگېلس بۇنى مۇنداق تەھلىل قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: ئىسلام دىنىغا ئوخشاش دىن سودا ۋە ھۈنەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شەھەر ئاھالىسىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ، كۆچمەن چارۋىچى بەدەۋىيلەرگىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ. شەھەر ئاھالىسى، بېيىغاندىن كېيىن، ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇشقا بېرىلىپ كېتىپ، دىنىي چەكلىمىلەرگە پىسەنت قىلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. نامراتلىقتا ئۆتۈۋاتقان ھەمدە شۇ سەۋەبتىن ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان بەدەۋىيلەر بولسا بۇنداق بايلىق ۋە راھەت ـ پاراغەتكە ھەسەتخورلۇق، ئاچكۆزلۈك بىلەن قارايدۇ. شۇڭا ئۇلار بىر ئەۋلىيانىڭ، يەنى مەلۇم بىر مەھدىنىڭ رەھبەرلىكىدە، بىدئەتچىلەرنى جازالاپ، قائىدە ـ يوسۇنلارغا، ئاللاھقا بولغان كۈچلۈك ئېتىقادنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ ھەمدە بىدئەتچىلەرنىڭ بايلىقىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىشى بەدىلىگە كېلىدىغان «مۇكاپات» سۈپىتىدە ئىگىلىۋالىدۇ. ئارىدىن بىر ئەسىر ئۆتۈۋېدى، خومېينىمۇ ئاشۇ بىدئەتچىلەرنىڭكىگە ئوخشاش ئورۇندا تۇرۇپ پاكلاشتۇرۇش ئىشىنى ئېلىپ بېرىشقا، يېڭى مەھدىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا مۇھتاج بولۇپ، ئويۇننى يېڭىباشتىن ئويناپ چىقتى. دىنىي نىقاب ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى دىنىي سەۋەبتىن كېلىپ چىققان. ئەمما بۇ ھەرىكەتلەر غەلىبە قازانغان تەقدىردىمۇ، ئەسلىدىكى ئىقتىسادىي شارائىتلارنى شۇ پېتىلا ساقلاپ قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھەممە ئىش بۇرۇنقىدەكلا بولىۋېرىدۇ، توقۇنۇش

دەۋرىي خاراكتېرلىك بولۇپ قالدۇ[16].

بۇنىڭدىن مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتىكى، دىنىنىڭ ئىپتىدائىي ئەقىدىسىگە يېپىشىۋالىدىغان ئىدىيىۋى ئېقىم ئىسلام رايونلىرىدا ئۇزاق تارىخىي مەنبەگە ئىگە. ئەمما دىنىنىڭ ئىپتىدائىي ئەقىدىسىگە يېپىشىۋېلىش جەھەتتىكى ھازىرقى ھەرىكەت دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن تارىختىكى شۇ خىل ھەرىكەتكە قارىغاندا خېلىلا چوڭقۇر ۋە خېلىلا مۇرەككەپ. خەلقئارا شارائىتتىن ئېيتقاندا، بىرىنچىدىن، دەرىجىدىن تاشقىرى ئىككى چوڭ دۆلەتنىڭ ئۈچىنچى دۇنيانى، بولۇپمۇ غەربىي ئاسىيا رايونىنى تالىشىشى بارغانسېرى قىزىپ كېتىپ، بۇ رايوندىكى خەلقنىڭ غايەت زور نارازىلىقىنى قوزغىدى؛ ئىككىنچىدىن، ئامېرىكا ئىسرائىلىيىنىڭ ئەرەب ئەللىرىنىڭ كەڭ زېمىنىنى بېسىۋېلىشىنى قوللاپ، ئەرەب ئەللىرىگە، بولۇپمۇ پەلەستىن خەلقىگە ئىنتايىن ئېغىر بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈردى. مۇسۇلمانلار ئىككى زومىگەرنىڭ ۋە ئىسرائىلىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق، كېڭەيمىچىلىكىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، ئىسلامىيەتنىڭ «غازاتى»نى قورال قىلىپ كۆرەش ئېلىپ بارماقتا. ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئىچكى شارائىتىدىن ئېيتقاندا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىر مۇنچە دۆلەتلەر كەينى-كەيىندىن مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈپ، مىللىي ئىگىلىكنى زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇردى، بولۇپمۇ قولتۇق رايونىدىكى نېفىت ئىشلەپچىقىرىدىغان دۆلەتلەرنىڭ نېفىتنى دۆلەت ئىختىيارىغا ئېلىش كۈرىشىنىڭ غەلىبە قىلىشى ئارقىسىدا، مىللىي كاپىتال تېز كۆپەيمەكتە. مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي تۇرمۇش شارائىتىمۇ ياخشىلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىجتىمائىي فورماتسىيىدىمۇ شىددەتلىك ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنلىكتىن، ئىسلام دىنىنىڭ كونا ئىدېئولوگىيىسى قاتتىق خىرىسقا دۇچ كەلمەكتە. بولۇپمۇ نامراتلىق بىلەن باياشاتلىق ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بەك چوڭ بولۇپ تۇرغان دۆلەتلەردە، خومېينىغا ئوخشاش دىنىي يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى كەڭ خەلقنىڭ رېئاللىققا بولغان نارازىلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئىسلام ئېتىقادىنى پاكلاشتۇرۇش ھەرىكىتىنى ئېلىپ باردى. بۇ كۆرەشلەرنىڭ ئالدىنقىسى تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ھەققانىي كۆرەش، دۇنيانىڭ تەرەققىيپەرۋەرلىك ئىشلىرىنىڭ بىر قىسمى. تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۆرەش غەلىبە قىلسىلا شۇ دۆلەتلەردىكى ھەر قايسى تەبىقىلەر ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان سىنىپىي زىددىيەت جەزمەن كەسكىنلىشىپ كېتىدۇ، بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئاخىرىدا قايسى يۆنىلىشكە قاراپ مېڭىشىنى، قانداق خاراكتېردىكى ھاكىمىيەتنى قۇرۇشىنى كەلگۈسىدە شۇ دۆلەتلەردىكى سىنىپىي كۈچلەرنىڭ سېلىشتۇرمىسى بەلگىلەيدۇ. كېيىنكىسىدە «ئىسلام ئىنقىلابى» ھەرىكىتىنىڭ ئىراندىكى غەلىبىسى موللىلاردىكتاتۇرىسىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولدى. بۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەن ئوتتۇرا ئەسىردىكى دىنىي مىزانلار ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن ئىلاھىي ھاكىمىيەت ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلدى. بۇنى زور تارىخىي چېكىنىش دېمەي بولمايدۇ. خومېينى ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا پەھلەۋىنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقىغا، چىرىكلىك ۋە چۈشكۈنلۈككە قارشى تۇرۇش، ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەن سۆيۈش، ئىجتىمائىي ئادىللىقنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىنى تەلەپ قىلىش بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىققانلىقتىن، ئىران ئاھالىسىنىڭ 70% تىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدىغان دېھقانلارنىڭ ۋە شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ، بىر مەھەل كۆرەڭلىگەنىدى. ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ ماھىيىتى تۈپەيلىدىن، فېئوداللىق، دىنىي تەبىقىچىلىك تۈزۈمىگە ھامىيلىق قىلدى، پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلدى. ھاكىمىيەت تۆپىسىدە تۇرغان 9 يىلدىن بۇيان، كەڭ دېھقانلارنى ۋە ھەر قايسى تەبىقە كىشىلىرىنى، ھەر مىللەت خەلقىنى دەھشەتلىك باستۇرۇپ ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ، ئىران خەلقىنى مالىمانچىلىق ۋە ئۇرۇش گىردابى ئىچىگە كىرگۈزۈپ قويدى. نەتىجىدە، خەلق ئۇنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى بارغانسېرى تونۇپ يەتتى، ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى قىزغىن ھىمايىسى قاتتىق غەزەپكە ۋە شىددەتلىك قارشىلىققا ئايلاندى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسكىلىكلىرىنى ئاخىر يوشۇرۇپ قالالمايدۇ. تارىخنىڭ ئېقىمى ھامان ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. تارىخنىڭ تەرەققىياتىغا زىت ئىش قىلغان كىشى تارىخنىڭ ئەخلىتىگىلا ئايلىنىدۇ، خالاس.

ئىزاھلار:

① «ئىجتىھات» ئىسلام دىنىدا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان سۆز بولۇپ، «پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىشلىمەك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شىئە مەزھىپىدىكىلەر «ئىجتىھاتچى» دېگەن نامغا ئېرىشكەنلەر غايىبانە ئىمامغا ۋەكالىتەن سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

② ھېينىس نۇسبۇم: «خومېينى» 143 ـ بەت.

③ ۋىلىيام. خ. سالىۋېن: «ئىرانغا تۇنجى قېتىم ئەلچىلىككە بېرىشىم» 207 ـ بەت.

④ ئامېرىكا بىرلەشمە ئاگېنتلىقى، ئېرۇسالىم (1987 ـ يىل) 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىكى خەۋىرى.

⑤ بېيجىڭ داشۆسىدىن جاڭ جېڭگونىڭ «ئىران-ئىراق ئۇرۇشىنىڭ ئىراننىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى» سەرلەۋھىلىك ماقالىسى.

⑥ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش.

⑦ چېن شىجاۋ «غەربىي ئاسىيانىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى» («غەربىي ئاسىيا تەتقىقاتى» نىڭ تۇنجى سانى، 35 - بەت).

⑧ شىنخۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقى، تېھران (1987 - يىل) 12- ئاينىڭ 10 - كۈنىدىكى خەۋىرى. مۇخبىر شۈي بويۈەن، خەۋەرنىڭ ماۋزۇسى «ئىراننىڭ قولتۇققا قارىتىلغان ستراتېگىيىسىدە زور ئۆزگىرىش بولدى».

⑨ شىنخۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ (1987 - يىل) 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى توكيودىن بەرگەن خەۋىرى. ياپونىيە «شەھەر ئاخباراتى»، «ئىنقىلابىي ئىرانلىقلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى: تىنچلىق چۈشى كۆرۈش، زۇلۇمغا بەرداشلىق بېرىش».

⑩ ئىزاھ ⑤ دىكىگە ئوخشاش.

⑪ ئامېرىكا «ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتى،» (1987 - يىل) 8 -ئاينىڭ 20 - كۈنىدىكى خەۋىرى. مۇخبىر لورېنت جېنكىنس «خومېينى شىئە مەزھىپىنى ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا چىقارماقچى بولۇۋاتىدۇ».

⑫ ئامېرىكا بىرلەشمە ئاگېنتلىقى، ماناما (1987 - يىل) 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىكى خەۋىرى: «قولتۇق ئەللىرىنىڭ ئىران - ئىراق توغرىسىدىكى مۆلچەرى».

⑬ چېن خېفېڭ: «لىۋان شىئە مەزھىپىدىكىلەر ۋە ئەمىر ئوللاھچىلىرى» («ئەرەبلەر دۇنياسى» 1985 - يىل 4 - سان).

⑭ شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىن (1987 - يىل) 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى بەرگەن خەۋىرى، ئامېرىكا «ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتى» تاشقى ئىشلار مۇخبىرى رىكارد ئۇنتۇروب «سەئۇدىلەر پاكىستان قوشۇنىنى قايتۇرۇۋەتتى».

⑮ ماركس «يەھۇدىلار مەسىلىسى».

⑯ ئېنگېلس «خرىستىئان دىنىنىڭ دەسلەپكى تارىخى».

(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 9 -سانىدىن تەرجىمە قىلىندى)

زايىت رەھىم تەرجىمىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئۇرۇش مۇنداق باشلانغانىدى

فېلىكس كاۋالېۋ، ئولېگ رژېشېۋسكىي (سوۋېت ئىتتىپاقى)

«پراۋدا» گېزىتىنىڭ تەھرىر سۆزى:

سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسىنىڭ ئورگان گېزىتى — «ھەقىقەت» گېزىتىنىڭ 1988 - يىل 1 - سېنتەبىر سانىغا سوۋېت تارىخچىلىرى فېلىكس كاۋالېۋ بىلەن ئولېگ رژېشېۋسكىنىڭ «ئۇرۇش مۇنداق باشلانغانىدى» دېگەن سەرلەۋھىلىك بىر پارچە ماقالىسى بېسىلغان. بۇ ماقالە «سوۋېت ئۆزبېكىستان» گېزىتىنىڭ شۇ يىلقى 4 - سېنتەبىر سانىغا تەرجىمە قىلىنىپ بېسىلغان. بۇ ماقالە ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە باشقا دۆلەتلەردە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ قانداق باشلانغانلىقى توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مۇنازىرىگە بېغىشلاپ يېزىلغان بولۇپ، بۇنىڭدىكى ئاساسىي كۆز قاراشلار سوۋېت ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ كۆز قارىشىغا ۋەكىللىك قىلىشى مۇمكىن. تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن بۇ ماقالىنى سەل قىسقارتىپ، «ھەقىقەت» گېزىتىنىڭ تەھرىر ئىلاۋىسى بىللە ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىغا تەرجىمە قىلىپ باستۇق.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى 61 دۆلەتنى، يەر يۈزى ئاھالىسىنىڭ 80 پىرسەنتىنى ئۆز قايىنىمىغا تارتتى ۋە 6 يىل داۋام قىلدى. ياۋروپا، ئاسىيا ۋە ئافرىقىنىڭ كەڭ زېمىنلىرى ئۈستىنى ئۇرۇش ئوتى كۆيدۈرۈپ ئۆتتى، ئوت يالقۇنلىرى دېڭىز-ئوكيانلارغا يامراپ، شىمالدا يېڭىيەر ۋە ئالياسكا قىرغاقلىرىغا، غەربتە ئامېرىكىنىڭ ئاتلانتىكا تەۋەلىرىگە، شەرقتە قۇرىل ۋە گاۋاي ئاراللىرىغا، جەنۇبتا مىسىر، ھىندىستان ۋە ئاۋىستىرالىيە چېگرىلىرىغا قەدەر بېرىپ يەتتى. ئۇرۇش 50 مىليوندىن كۆپرەك ئادەمنىڭ جېنىنى ئېلىپ كەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئادەملىرى 20 مىليوننى تەشكىل قىلدى. خەلق ھەددى ھېسابسىز ئېغىر ئازاب-ئوقۇبەتلەر ۋە دەرت - ئەلەملەرنى تارتتى.

بۇ پاجىئەنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى نېمە ۋە بۇنىڭدىن قانداق ساۋاقلارنى ئېلىش كېرەك؟ ئۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇمكىنمىدى؟ بۇ سوئاللارغا كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ زور دەرىجىدە قىزىقىشى ۋە بۇلارنىڭ ئەتراپلىق مۇھاكىمە قىلىنىشى ئىجتىمائىي ئاڭ جەھەتتىكى ئىسلاھات جەريانىنىڭ، تارىخىمىزنىڭ ئەڭ ئۆتكۈر مەسـ

لىرىگە بولغان كۆز قاراشلارنىڭ سوتسىيالىستىك كۆپ مەنبەچىلىك ئاساسىنىڭ مۇستەھكەملىنىپ ۋە كېڭىيىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. توغرا، ھازىر قىزغىن مۇنازىرىلەر بولۇۋاتقان چاغدا ئۇرۇشنىڭ باشلىنىشىغا سوۋېت ئىتتىپاقى «بىۋاستە جاۋابكار» دېگەنگە ئوخشاش سوتسىيالىزمغا قارشى تەشۋىقاتتا ئىلگىرىدىن مەلۇم بولغان ئۆلۈك ئىبارىلارنى تەكرارلايدىغان، يېتەرلىك دەرىجىدە تەنقىدى كۆز قارىشى بولمىغان بەزى نۇقتىئىنەزەرلەرمۇ بىلدۈرۈلمەكتە. مۇنازىرىلەردە بەزىلەر ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلقئارا بۆلۈمىگە باشچىلىق قىلغان ۋە غەرب كومپارتىيىلىرى، شۇ جۈملىدىن بېسىۋېلىنغان مەملىكەتلەردىكى پارتىيىلەرگە رەھبەرلىك قىلىشتىمۇ مەركەزلىك رول ئوينىغان گ. دېمىتروۋ «چەتكە چىقىرىپ قويۇلغانىدى» دېگەنگە ئوخشاش بەزى ئاساسسىز پاكىتلاردىنمۇ پايدىلانماقتا.

مەزكۇر ماقالىنىڭ مۇئەللىپلىرى يۇقىرىدا ئېيتىلغان كۆز قاراشلارغا قوشۇلمايدۇ ۋە مەسىلىگە بۇنداق مۇئامىلە قىلىشقا رازى بولمايدۇ. شۇڭا ئۇلار ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئەرپىسىدىكى خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشىدە سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ قانداق پوزىتسىيىدە بولغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئويلاپ كۆرۈش، يۈز بەرگەن مەسىلىلەرنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشىنى ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلغان ھالدا مۇمكىن قەدەر ئوبيېكتىپ بايان قىلىش ئارزۇسىدا بولغان. بۇ يەردە شۇنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەككى، شۇ دەۋردىكى پاجىئەلىك ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى چۈشىنىپ يېتىش ۋە چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە ئىنتىلىشنىڭ ستالىنىزم جىنايەتلىرىنى ئاقلاش، ستالىن ۋە مولوتوۋنىڭ تاشقى سىياسەتتىكى خاتالىق ۋە كەمچىلىكلىرى بىلەن ھېچقانداق ئورتاقلىقى يوق. شۇنداق نەرسىلەر باركى، ئۇلارنى ئىزاھلىغىلى بولسىمۇ، ئاقلىغىلى بولمايدۇ.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا ئوخشاش، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ يۈز بېرىشىدىكى ئاساسىي ۋە چوڭقۇر سەۋەبلەر ئەڭ چوڭ كاپىتالىستىك دۆلەتلەر مونوپولىستلىرى مەنپەئەتىنىڭ بىر - بىرى بىلەن توقۇنۇش كەلگەنلىكىدىن، ئۇلارنىڭ دۇنيانى بۆلۈۋېلىش يولىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى ساقلاپ قېلىشقا ياكى ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، بۇ نەتىجىلىرىنى قايتا مۆلچەرلەپ بېقىشقا ئۇرۇنغانلىقىدىن ئىبارەت. مونوپولىستلار جەمئىيەتنى مىلىتارىزاتسىيىلەشتۈرۈش جەريانىنىڭ، تۈرلۈك مەملىكەتلەرنىڭ بىر تەكشى بولمىغان قوراللىنىش مۇسابىقىسىنى كۈچەيتىشنىڭ جاۋابكارلىرىدۇر، ئەلۋەتتە. ئۇلار ئۇرۇش ئوتىنى ياققان ئاساسىي كۈچنى — فاشىزمنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. فاشىزم بولسا چوڭ كاپىتالىستلارنىڭ مەنپەئەتىنى

www.uyghurkitap.com

ئىپادىلەپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ تازا ئەشەددىيلەشكەن ئەكسىيەتچىل گۇرۇھلىرى دىكتاتۇرىسىنىڭ ئەڭ تاجاۋۇزچى ۋە تېررورلاشقان شەكلى بولدى. كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ۋە بىزنىڭ پارتىيىمىز گېرمانىيىدە فاشىزم ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان ۋاقىتتىن باشلاپلا ئۇنىڭغا شۇنداق باھا بەردى ۋە سوۋېت خەلقىنى ئەنە شۇ روھتا تەربىيىلىدى. ھۆججەتلەر ۋە تەقرىز ماقالىلەردە ئېنىقلانغان پاكىتلارنىڭ ئاساسلىشىچە، بىزدە 1934 - يىلدىن ۋە پارتىيە 17 - قۇرۇلتىيىدىن تارتىپلا گېرمانىيە فاشىستلىرى بىلەن يېقىنلىشىش يولى بارغانسېرى مۇستەھكەملىنىشكە باشلىدى، دېگەن گەپلەر ئوتتۇرىغا چىقتى، بۇ گەپلەرنىڭ توغرىلىقى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرۇش تەس بولارمىكىن. شۇ يىللارنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە سىياسىتىدە پەقەت كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال 7 - قېتىملىق يىغىنىنىڭ (1935 - يىل) فاشىزمغا قارشى قارارلىرىنىڭ روھىلا ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇراتتى. دەل شۇنىڭغا ئاساسەن 1939 - يىلنىڭ ئاۋغۇستىدىن سېنتەبىر ئېيىغىچە تۈزۈلگەن سوۋېت - گېرمانىيە شەرتنامىلىرى خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتى ئۈچۈن، شۇنىڭدەك بىزنىڭ خەلقىمىز ئۈچۈن تولىمۇ كۈتۈلمىگەن ئېغىر زەربە بولدى.

ئەسلىدە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى 30 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىلا رېئال بولۇپ قالغانىدى. ياپونىيىنىڭ 1931 — 1932 - يىللاردا شىمالىي - شەرقىي جۇڭگونى بېسىۋېلىشى، كېيىن بولسا 1937 - يىلى ئوتتۇرا جۇڭگوغا باستۇرۇپ كىرىشى، 1935 - يىلى ئىتالىيىنىڭ ھەبەشىستانغا ھۇجۇم قىلىشى، 1936 — 1938 - يىللاردا گېرمانىيە بىلەن ئىتالىيىنىڭ ئىسپانىيە جۇمھۇرىيىتىگە قوراللىق ئارىلىشىشى، 1938 - يىلى گېرمانىيىنىڭ ئاۋىستىرىيىنى بېسىۋېلىشى — مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاخىرقى نەتىجىدە پۈتۈن دۇنياغا يامرىغان فاشىستلار ھۇجۇمىنىڭ ئومۇمىي ئېقىمىغا بارغانسېرى كۆپلەپ قوشۇلۇشقا باشلىغان تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلەرنىڭ بىر پۈتۈن زەنجىرىنىڭ ھالقىلىرىدۇر. ھەممە چوڭ دۆلەتلەر ئىچىدە پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقىلا تاجاۋۇزچىلارنى ئىزچىل تۈردە ئەيىبلەپ تۇردى، ئىمكانىيىتى بولغاندا ئۇلارنىڭ قۇربانلىرىغا ياردەمگە كەلدى.

يېڭى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ يۈز بېرىشى مۇقەررەر ۋە ساقلانغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئەمەس ئىدى. شۇ چاغدىكى ئەھۋال ئۈستىدىكى تەھلىللەر شۇنى كۆرسىتىدۇكى، خەلقئارا مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ باشقا يوللىرىمۇ بار ئىدى. 30 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى خېلى كېيىنكى مۇرەككەپ باسقۇچلاردا — ئۇرۇش باشلىنىشتىن ئىلگىرىكى ئاخىرقى ئايلار ۋە ھەتتا ئاخىرقى كۈنلەردىمۇ تاجاۋۇزچىلارنىڭ يولىنى توسۇپ، ئۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇمكىن

ئىدى. 1938 - يىلنىڭ باھار ياز ۋە ئايلىرىدا گىتلېرچىلار چېخوسلوۋاكىيىنى بېسىۋېلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان چاغدا شۇنداق ئىمكانىيەت بار ئىدى. بۇنداق ئىمكانىيەت 1939 - يىلى نېمىس فاشىستلىرى بىۋاسىتە پولشاغا تاجاۋۇز قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقان چاغدىمۇ بار ئىدى.

1938 - يىلى 29 - سېنتەبىر كۈنى ميۇنخېندا گېرمانىيە، ئۇلۇغ بېرىتانىيە، ئىتالىيە ۋە فرانسىيە ھۆكۈمەتلىرىنىڭ باشلىقلىرى (گىتلېر، چېمبېرلېن، مۇسسولىنى ۋە دالادېي) چېخوسلوۋاكىيىنى بۆلۈۋېتىش لازىملىقىنى ئېلان قىلىپ، سودېت ئوبلاستىنى ۋە ئۇنىڭغا چېگرىداش بولغان رايونلارنى دەرھال گېرمانىيىگە بېرىش كېرەكلىكىنى، شۇنىڭدەك، پولشا ۋە ۋېنگرىيە تەرىپىدىن قويۇلغان زېمىن دەۋالىرىنى قاندۇرۇش لازىملىقىنى ئېلان قىلدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە چېخوسلوۋاكىيە ئۆز ئاھالىسىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمى ياشايدىغان، كۈچلۈك مۇداپىئە ئىنشائاتلىرى ۋە ئېغىر سانائەتنىڭ يېرىمى جايلاشقان زېمىنىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىدىن مەھرۇم بولاتتى. گېرمانىيىنىڭ يېڭى چېگرىسى چېخوسلوۋاكىيىنىڭ پايتەختى پراگاغا يېقىن بېرىپ تاقىلاتتى. چېخوسلوۋاكىيە ۋەكىللىرى ميۇنخېنغا ئەنە شۇ ھۆكۈمنى ئاڭلاش ئۈچۈنلا چاقىرىلغانىدى. ئىگىلىك ھوقۇقلۇق بىر مەملىكەتتىن شۇنداق ۋەھشىيانە ئۆچ ئېلىنغانلىقى، ئەنگلىيە ۋە فرانسىيىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ چېخوسلوۋاكىيە قاتارلىق دوستلىرى ۋە ئىتتىپاقچىلىرىغا شۇ قەدەر خىيانەت قىلغانلىقى چېخوسلوۋاكىيە خەلقى ۋە ياۋروپا تەقدىرىنى ناھايىتى ئېغىر ئاقىۋەتلەرگە ئېلىپ كەلدى، گېرمانىيىنىڭ تاجاۋۇزىنى توختۇتۇشقا كاپالەتلىك قىلىپ تۈزۈلگەن بىر يۈرۈش شەرتنامىلارنى بىكار قىلىۋەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى، فرانسىيە ۋە چېخوسلوۋاكىيىنى بىر-بىرى بىلەن باغلاپ تۇرغان ئۆز ئارا ياردەملىشىش توغرىسىدىكى شەرتنامىلار، چېخوسلوۋاكىيىنىڭ مۇداپىئە كۈچلىرى تاجاۋۇزچىلىقنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشىنى توسايدىغان ھەل قىلغۇچ ئامىل بولۇشى مۇمكىن ئىدى. بۇ شەرتنامىلارنىڭ ئەمەلدىن قالغانلىقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەيىبى ئەمەس.

ميۇنخېندىكى ساتقىنلىق ياۋروپا قىتئەسىدىكى كۈچلەر نىسبىتىنى فاشىست دۆلەتلەرنىڭ پايدىسى ھېسابىغا ئۆزگەرتىۋەتتى. ئارىدىن سەل كەم بىر يىل ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئوت يالقۇنى كۆتۈرۈلدى.

فرانسىيىگە ئوخشاش چېخوسلوۋاكىيە بىلەن ئۆز ئارا ياردەملىشىش شەرتنامىسى ئارقىلىق باغلانغان سوۋېت ئىتتىپاقى «ميۇنخېنچىلار» تەرىپىدىن ياۋروپادا چېخوسلوۋاكىيىنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا يۈز بەرگەن ئەڭ زور ھەربىي - سىياسىي مەسىلىنى ھەل قىلىشقا قاتنىشىشتىن چەتلەشتۈرۈلدى. بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، بىزنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

دۆلىتىمىز خەلقئارا مىقياسىدا قاتتىق يەكلەشكە ئۇچرىدى. يېقىندا ئەنگلىيە تەتقىقاتچىلىرى ئا. رىد ۋە د. فىشېر مۇنداق دەپ تەكىتلەشتى: «ميۇنخېن كېلىشىمى تارىختا كالتاپەملىك، ساتقىنلىق ۋە مەككارلىقنىڭ تىمسالى ھەمدە ئىنساپقا كەلتۈرۈش سىياسىتىنىڭ يۈكسەك مۇۋەپپەقىيىتى بولۇپ قالدى. نېمىسلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان چېخوسلوۋاكىيە شەرققە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يۈرىكىگە قارىتىلغان قىلىچقا ئايلاندى.»

1938 - يىلى 30 - سېنتەبىر كۈنى ميۇنخېندا ۋە 6 - دېكابىر كۈنى پارىژدا ئەنگلىيە - گېرمانىيە ۋە فرانسىيە - گېرمانىيە خىتابنامىلىرى ئىمزالاندى. بۇ خىتابنامىلار ئۆز ماھىيىتى بويىچە بىر - بىرىگە ھۇجۇم قىلىشماسلىق توغرىسىدىكى شەرتنامىلارغا باراۋەر ئىدى. بۇنىڭ بىلەن گىتلېرچىلارنىڭ شەرققە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتا بىمالال ھۇجۇم باشلاش پىلانىنى ئىشلەپ چىقىشىغا ئىمكانىيەت تۇغۇلغانىدى. فرانسىيە - گېرمانىيە خىتابنامىسى ئىمزالانغاندىن كېيىن، كې دورسېينىڭ فرانسىيە ئەلچىخانىسىگە ئەۋەتىلگەن ئاخباراتىدا «گېرمانىيىنىڭ سىياسىتى بۇندىن كېيىنمۇ بولشېۋىزمغا قارشى كۆرەشكە قارىتىلىدۇ» دېگەن ئىشەنچ بىلدۈرۈلگەنىدى. شۇ ۋاقىتلاردا ئامېرىكا دىپلوماتلىرى ميۇنخېن يىغىنىدىن كېيىن بېرلىننىڭ كېڭەيمىچىلىكى شەرقىي ۋە شەرقىي - جەنۇبىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدە گېرمانىيە زومىگەرلىكىنى ئورنىتىشقا قارىتىلىدۇ، دېگەن خۇلاسىنى چىقاردى. سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىكىمۇ شۇنداق خۇلاسىگە كەلمەي قالمايتتى. موسكۋانىڭ ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە ھۆكۈمران دائىرىلىرىگە بولغان ئۈمىد - ئىشەنچلىرى ميۇنخېن يىغىنىدىن كېيىن بىراقلا يوققا چىققانىدى. دۆلەتنىڭ خەۋپسىزلىكى، سوتسىيالىزمنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا يالغۇز ئۆزىمىز قايغۇرۇشقا، خەلقئارا مىقياستىكى يەكلىنىشتىن قۇتۇلۇش يولىنى ئۆزىمىز ئىزدەپ تېپىشقا، ئەڭ كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ بىرلىشىپ سوۋېتكە قارشى تۇرۇشىنى ئۆزىمىز توساشقا، سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئۇرۇشقا تارتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆزىمىز باش قاتۇرۇشقا توغرا كەلگەنىدى.

1939 - يىلى مارت ئېيىدا گىتلېر چېخوسلوۋاكىيىنى «بىر تەرەپ» قىلدى. 3 - ئاپرېلدا ۋېرماخت قوماندانلىقى گىتلېرنىڭ يولیورۇقىغا بىنائەن «ۋايس» پىلانىغا تەييارلىق كۆرۈش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. بۇ پىلاندا 1939 - يىلى 1 - سېنتەبىردىن باشلاپ، خالىغان ۋاقىتتا «پولشاغا ھۇجۇم قىلىش مۇمكىنلىكى» كۆرسىتىلگەنىدى. مارت ئېيىدا گېرمانىيە كلايپېداگ (مېمېل) نى ئىشغال قىلدى؛ ئاپرېل ئېيىدا ئىتالىيە ئالبانىيىگە قارىتا تاجاۋۇز قىلىشقا باشلىدى؛ ماي ئېيىدا گېرمانىيە

بىلەن ئىتالىيە سىياسىي ۋە ھەربىي ھەمكارلىق توغرىسىدا شەرتنامە تۈزدى. شۇ چاغدا شەكىللەنگەن ۋەزىيەتتە ئەنگلىيىنىڭ گېرمانىيە بىلەن تىل بىرىكتۈرۈش ئېھتىمالى سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈن ناھايىتى زور خەۋپ تۇغدۇردى.

ھازىرقى ۋاقىتتا بىر قىسىم سوۋېت تەتقىقاتچىلىرى: موسكۋا سۆھبىتى داۋام قىلىۋاتقاندا گىتلېر پولشاغا ھۇجۇم قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى ۋە سوۋېت - گېرمانىيە ئوتتۇرىسىدا ئۆز ئارا ھۇجۇم قىلىشماسلىق شەرتنامىسىنىڭ تۈزۈلۈشى ياۋروپادىكى تەڭپۇڭلۇقنى گېرمانىيىنىڭ پايدىسى ھېسابىغا ئۆزگەرتىۋەتتى، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا دۇنيا ئۇرۇشىنى باشلاش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بەردى، دېگەن قاراشنى ئالغا سۈرمەكتە. مەزكۇر ماقالىنىڭ ئاپتورلىرى پولشاغا ھۇجۇم قىلىش ئىشى ۋە ئۇنىڭ مۇددىتى گىتلېر تەرىپىدىن 1939 - يىل ئاپرېل ئېيىنىڭ باشلىرىدا، موسكۋا سۆھبىتى باشلىنىشتىن خېلى ئىلگىرىلا بېكىتىلگەنىدى، نېمىس ئارمىيىلىرى ئاۋغۇست ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە پولشاغا ھۇجۇم قىلىشتا كېرەك بولىدىغان جايلارغا يۆتكەپ كېلىنگەن ۋە ھۇجۇم خالىغان پەيتتە باشلىنىشى مۇمكىن ئىدى، دېگەن كۆز قاراشنى ياقلايدۇ. گىتلېر شۇنىڭغا ئىشەنگەن ۋە ئەھۋالنىڭ تەرەققىياتى بۇ ئىشەنچىنىڭ شۇ قەدەر ئاساسلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغانكى، پولشا ئۆزىدىن بىر نەچچە ھەسسە كۆپ ئەسكىرى كۈچكە ئىگە بولغان گېرمانىيە ئارمىيىسىگە قارشى جەڭلەردە يېڭىلگەنگە قەدەر ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن پولشاغا ياردەمگە كېلىشكە تەييار ئەمەس ئىدى، ئۇلارنىڭ بۇنداق نىيىتىمۇ يوق ئىدى؛ گېرمانىيە ئۈچۈن ئىككى فرونتتا قاتتىق ئۇرۇش قىلىش خەۋپى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. سوۋېت - گېرمانىيە شەرتنامىسىنىڭ تۈزۈلۈشى نەتىجىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىتەرەپ قېلىپ قويۇلغانلىقى پروگراممىدىكى ھېچقانداق نەرسىنى ئۆزگەرتەلمىگەنىدى. شۇڭا، 1939 - يىلى 23 - ئاۋغۇستتىكى شەرتنامە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، دېگەن كۆز قاراشنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق!

ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە بىلەن بولغان سۆھبەت رەسمىي توختىغانغا قەدەر سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ بۇندىن كېيىنكى سىياسىي يۆنۈلۈشىنى پرىنسىپاللىق بىلەن بەلگىلەشكە مەجبۇر بولدى. گىتلېردىن پولشا بىلەن مۇقەررەر ھەربىي توقۇنۇش بولىدۇ، دېگەن خەۋەر بولغاندىن كېيىن، بۇنداق توقۇنۇشنىڭ يېڭىلىش ئاقىۋەتلىرىنى كۆزدە تۇتۇلغان تەرەپلەر تەھلىل قىلىشقا مەجبۇر ئىدى: گېرمانىيە پولشا تەركىبىگە كىرگەن ئۇكرائىنا ۋە بېلورۇسسىيە زېمىنلىرى بىلەن بىللە پۈتۈن پولشا زېمىنىنى بېسىۋالاتتى.

بىزنىڭ مەملىكىتىمىز ئۆزى يالغۇز فاشىزم بىلەن جەڭ قىلىشقا مەجبۇر بولاتتى. يەنە مۇنداق پاكىتنىمۇ نەزەردە تۇتماي بولمايدۇ. 1939 - يىلى ماي ئېيىدىن باشلاپ سوۋېت ۋە موڭغۇلىيە قوشۇنلىرى خالخىن - گول دەرياسىدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى شىددەتلىك جەڭلەرنى ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولدى. ياپونىيە تاجاۋۇزچىلىقىنىڭ بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقى ئىككى سەپتە ئۇرۇش قىلىش زۆرۈرىيىتىنى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇراتتى. سوۋېت ھۆكۈمىتى 1918 — 1922 - يىللاردىكى ئەھۋالنىڭ يەنە تەكرارلىنىشىغا يول قويالمايتتى. شۇ چاغدا مەملىكىتىمىز دۇنيادىكى جىمى ئاساسلىق دۆلەتلەرنىڭ قوراللىق مۇداخىلىسىگە قارشى تۇرۇشقا مەجبۇر بولغانىدى.

يۈز بەرگەن ئەھۋال ناھايىتى ئېغىر ئىدى. بۇ يەردە گەپ ئەسلىدە سوۋېت دۆلىتىنىڭ ھايات - ماماتلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بۇنداق پەۋقۇلئاددە تارىخىي ئەھۋالدا پەقەت بىرلا يول قالغانىدى: ۋەقە يۈز بېرىشتىن ئاۋۋال گىتلېر بىلەن مۇرەسسەلەشمىشكە ئۇرۇنۇپ كۆرۈش كېرەك ئىدى. بۇنداق قىلغاندا بىرىنچىدىن، گېرمانىيە فاشىستلىرى بىلەن توغرىدىن - توغرا توقۇنۇشنى سەل ئارقىغا سۈرۈش ئىستىقبالى ئېچىلغان بولاتتى. قورال - ياراقلارنى ۋە قوراللىق كۈچلەرنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، ئىگىلىكنى ئۇرۇشقا مۇۋاپىقلاشتۇرۇشنىڭ پروگراممىسىنى ئىشلەپ چىقىش ۋە يولغا قويۇش، ئاخىردا ھەربىي قوماندانلىقنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدا باستۇرۇلغانلارنىڭ «بوشلۇقىنى» تولدۇرۇش ئۈچۈن مۇددەتنى ئارقىغا سۈرۈش ناھايىتى زۆرۈر ئىدى. ئىككىنچىدىن، گېرمانىيە - ياپونىيە ئىتتىپاقىنىڭ ئارىسىغا شىنا قېقىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلاتتى. ھالبۇكى، شۇ چاغدا سوۋېت خەلقىنىڭ خەۋپلىك دۈشمەن تەرىپىدىن ئۇرۇشقا تارتىلىشى ياكى تارتىلماسلىقى يا ئۇنداق، يا بۇنداق بىر قارارغا كېلىشكە باغلىق بولۇپ قالغانىدى.

23 - ئاۋغۇست كۈنى، گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئى. فون رىببىنتروپ موسكۋاغا كەلدى. 24 - ئاۋغۇستقا ئۆتەر كېچىسى، رىببىنتروپ مولوتوۋ ۋە ستالىن بىلەن سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن ئۆز ئارا ھۇجۇم قىلماسلىق توغرىسىدىكى سوۋېت - گېرمانىيە شەرتنامىسى تۈزۈلدى. بۇ ھۆججەتتە ئىككى تەرەپ بىر - بىرىگە قارىتا تاجاۋۇز ۋە ھۇجۇم قىلىشتىن ئۆزلىرىنى تارتىشى ھەمدە شەرتنامە قاتناشچىلىرىدىن بىرى يەنە بىرى تەرىپىدىن «ھەربىي ھەرىكەتلەر ئوبيېكتى» قىلىنغان تەقدىردە ئۈچىنچى دۆلەتنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىمەيدۇ، دەپ بەلگىلەندى. شۇنىڭدەك ھەر ئىككى تەرەپ بىر تەرەپكە قارشى بولغان دۆلەتلەر گۇرۇھلىرىغا قاتناشماسلىقنىمۇ ئۆز زىممىلىرىگە ئالدى.

غەرب تارىخچىلىرى ۋە سىياسەتچىلىرىنىڭ كۆز، قارىشىچە ئۆز-ئارا ھۇجۇم قىلىشماسلىق شەرتنامىسى بىلەن بىر ۋاقىتتا قانداقتۇر يەنە «مەخپىي توختامنامىلەر»مۇ ئىمزالانغانمىش. سوۋېت ئارخىپلىرىدا بۇنداق ھۆججەتلەر تېپىلمىدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئەسلى نۇسخىلىرى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئارخىپلىرىدىمۇ. قىسقىسى ھېچقانداق يەردە بولمىسا كېرەك. تورلۇك نەشرلەردە پەيدا بولۇۋاتقان فوتونۇسخىلاردىن كۆچۈرۈلمىلەر بىر-بىرىگە مۇتلەق زىتتۇر. شۇ سەۋەبتىن پەيدا بولۇۋاتقان ئوقۇشماسلىقلارنىڭ ھازىرچە جاۋابسىز قېلىۋاتقانلىقىغا سوۋېت تەتقىقاتچىلىرى بىر نەچچە قېتىم دىققەت-ئېتىبارىنى قاراتتى. تارىخ پەنلىرى دوكتورى ۋ. م. فالىن يېقىندا شۇنى قەيت قىلدىكى، ئۆزىنىڭ ھەر قېتىملىق تاجاۋۇزىنىڭ ھەر بىر قۇربانىنى ئېيىبلاشقا قادىر بولغان ھەممە ھۆججەتلىرىنى ئېلان قىلمىدىغان گىتلېرنىڭ ئۆزىمۇ، موسكۋادىكى سۆھبەتنىڭ ئاساسىي قاتناشچىسى، نيۇرنبېرگ سوتىدا ئۆزىنى قوغداش مەقسىتىدە «توختامنامىلەر»دىن پايدىلىنىپ مەنپەئەت قازانغان رىببېنتروپمۇ «مەخپىي توختامنامىلەر» توغرىسىدا ھېچنەرسە دېمىگەن.

ئۇرۇش 1-سېنتەبىردە باشلاندى. گېرمانىيە قوشۇنلىرى پولشا چېگرىسىدىن ئۆتۈپ، پۈتۈن فرونت بويىچە ھۇجۇم باشلىدى. پولشا خەلقى، پولەك ئەسكەرلىرى ۋەتەننى قوغداش ئۈچۈن جەڭگە دادىل ئاتلاندى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، فاشىزمغا قارشى تۇرۇش يولىدا قەتئىي كۈرەش قىلدى. خەلقنىڭ باسقۇنچىلارغا بەرگەن قاقشاتقۇچ زەربىسى شۇ چاغدىكى پولشا ھۆكۈمىتىگىمۇ فاشىزمغا قارشىلىق كۆرسىتىش ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇتتى. پولشا جەڭچىلىرى ۋە ئوفىتسېرلىرىنىڭ قەھرىمانانە قارشىلىق كۆرسىتىشىگە قارىماي، نېمىس ئارمىيىسىنىڭ سان ۋە تېخنىكا جەھەتتىن ئۈستۈنلۈكى ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى.

سېنتەبىر ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا قەدەر سوۋېت ھۆكۈمىتى بىرەر ھەرىكەت قىلىشتىن ئۆزىنى تارتتى. پەقەت 17-سېنتەبىردە، گېرمانىيە ئارمىيىسى برېست ۋە لۋوۋقا يېقىنلىشىپ، ۋارشاۋاغا ھۇجۇمغا ئۆتكەندە پولشا ھۆكۈمىتى ئەمەلىيەتتە مەملىكەت ۋەزىيىتىنى تىزگىنلىيەلمەي قالغاندى، پولشانىڭ ئۇرۇشتا يېڭىلىشى مەلۇم بولۇپ قالدى. پەقەت شۇ چاغدىلا سوۋېت قوشۇنلىرىغا چېگرىنى كېسىپ ئۆتۈپ، كۆپ سانلىق ئاھالىسى بېلورۇسلار ۋە ئۇكرائىنلار بولغان زېمىنلەرنى ئىگىلەشكە بۇيرۇق بېرىلدى.

28-سېنتەبىردە تۈزۈلگەن «دوستلۇق ۋە چېگرا توغرىسىدىكى شەرتنامە» بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن گېرمانىيە ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا 1919-يىلدىلا ئانتانتا دۆلەتلىرى تەرىپىدىن پولشانىڭ شەرقىي چېگرىسى دەپ بەلگىلەنگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«كېرزون لىنىيىسى» نامىلىق سىزىقتىن ئۆتكەنىدى. بۇ، بىر جەھەتتىن پولياك ئاھالىسى، ئىككىنچى جەھەتتىن ئۇكرائىن ۋە بېلورۇس ئاھالىسى ياشايدىغان مىللىي چېگرا ئىدى. 1939 - يىلى كۈزدە ل. للويىد جورجنىڭ لوندوندىكى پولشا ئەلچىسىگە يازغان خېتىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى «پولشاغا تېگىشلىك بولمىغان ۋە بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن پولشا تەرىپىدىن زورلۇق بىلەن بېسىۋېلىنغان زېمىن» نى ئىگىلىدى، رۇسلارنىڭ سىلجىشىنى گېرمانىيىنىڭ سىلجىشى بىلەن بىر قاتارغا قويۇش جىنايى ئېقىلسىزلىق بولىدۇ، دەپ كۆرسىتىلدى. ئۇرۇش دەۋرىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە، قۇدرەتلىك پولشا دۆلىتىنى بەرپا قىلىش يولىدا كۆرسەتكەن سىياسىي دىپلوماتىك كۈچ - غەيرەتلىرى، سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي ھەرىكەتلىرى (پولشانىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان جەڭلەردە پولشا قوشۇنلىرى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىرى بىلەن مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ كۈرەش قىلغان سوۋېت جەڭچىلىرى ۋە ئوفىتسېرلىرىدىن 600 مىڭدىن ئارتۇق كىشى ھالاك بولدى) شۇنى ئېنىق ئىسپاتلايدۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىتىدە پولشاغا نىسبەتەن بىرەر يامان غەرەز بولمىغان. خۇسۇسەن تاجاۋۇزچىلىق نىيەت بولمىغان. شۇنىڭدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پولشا مەسىلىسىگە نىسبەتەن تۇتقان پۈتۈن يولى پولشا خەلقىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك مەنپەئەتىگە زىت كەلمەيلا قالماستىن، بەلكى خەلقئارا مەيداندا ئۇنىڭ مەنپەئەتىنى پائال قوغداشقا، قايتىدىن دۇنياغا كەلگەن پولشانىڭ ئادالەتلىك يېڭى چېگرىلىرىنى ئورنىتىشقا ۋە خەلقئارا مىقياسىدا ئېتىراپ قىلىشقا قارىتىلدى.

1939 - يىلدىكى ئەھۋاللار توغرىسىدا چەت ئەللەردىن تارقىلىۋاتقان نۇرغۇن ئەپقاچتى گەپلەرگە م. س. گورباچېۋ ناھايىتى ئېنىق باھا بېرىپ مۇنداق دېدى: «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گېرمانىيە بىلەن ئۆز ئارا ھۇجۇم قىلىشماسلىق شەرتنامىسى تۈزۈش قارارىنىڭ كەلگەنلىكى ئەڭ ياخشى يول ئەمەس ئىدى، دېگەن گەپلەر بار. مۇبادا قاتتىق رېئاللىق ئاساس قىلىنماي، بەلكى شۇ دەۋردىكى ئومۇمىي ۋەزىيەتتىن ئاجرىتىۋېتىلگەن مەۋھۇم مۇلاھىزىلەر ئاساس قىلىنسا، ئېھتىمال شۇنداقتۇر. ئەنە شۇ شارائىتتىمۇ مەسىلە خۇددى بىرىست سۈلھى ۋاقتىدا تۇرغان ھالەتكە ئوخشاش مەملىكىتىمىز مۇستەقىل بولۇپ تۇرالامدۇ - يوقمۇ، يەر يۈزىدە سوتسىيالىزم بولامدۇ - يوقمۇ دېگەن ھالەتتە تۇراتتى.»

بىزنىڭچە، 1938 — 1939 - يىللاردىكى ئەھۋاللارغا شۇ چاغدىكى رېئال ۋەزىيەتكە قاراپ، ھەم لوندون ۋە پارىژنىڭ تار سىنىپىي ئاساستىكى ئۆزىنى مەركەز قىلىش سىياسىتىنى، ھەم شۇ چاغدىكى ستالىن باشچىلىقىدىكى سوۋېت رەھبەرلىكى

تۇتقان يولىنىڭ سەلبىي جەھەتلىرى ۋە سۇبيېكتىپ خاتالىقلىرىنى تولۇق ھېسابقا ئالغان ھالدا باھا بېرىش كېرەك. خاتالىق شۇ يەردىكى، بىزنىڭ دىپلوماتىيىمىزگە، دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرگە ستالىننىڭ مەۋرىي بۇيرۇقۋازلىق ئۇسۇلىنىڭ ئامىللىرى سىڭگەنىدى. مەسىلەن، يېڭى چېگرانى مۇستەھكەملەش، قوشۇنلار، قورال - ياراقلار ۋە ستراتېگىيىلىك ئەشيالارنى ئېھتىياجغا لايىق ھالدا سەپكە تۇرغۇزۇش جەھەتلەردە ستالىننىڭ زورلۇق چارە - تەدبىرلەرنى قوللانغانلىقى ئېنىقتۇ.

ھەتتا گېرمانىيە بىلەن مەملىكىتىمىز ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ ئارقىغا سوزۇلۇشىدىن ئاخىرقى نەتىجىدە گىتلېرنىڭ ئالغان پايدىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭكىدىن كۆپ بولدى، دېمىسۇ ئېيتالىق، 1939 - يىلى 23 - ئاۋغۇستتىكى ئۆز ئارا ھۇجۇم قىلىشماسلىق شەرتنامىسى سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈن ئېيتقاندا، شۇ چاغدىكى كونكرېت تارىخىي ۋەزىيەت كەلتۈرۈپ چىقارغان غەربتىمۇ، شەرقتىمۇ تېزلىكتە ئۇرۇشقا قاتنىشىپ قېلىشتىن ئۆزىنى تارتىش يولىدىكى بىردىن بىر ۋە مەجبۇرىي ئىمكانىيەت ئىدى، دەپ قارىلىشى كېرەك. غەرب ۋە شەرقتىكى بۇ ئۇرۇش يەنە بارلىق جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ بىرلەشكەن ئىتتىپاقىغا قارشى ئۇرۇش بولارمىدى؟ يەنە بىر جەھەتتىن، 1939 - يىلى 28 - سېنتەبىردە تۈزۈلگەن شەرتنامە شۇ ۋاقىتتا ۋە ھازىرمۇ كەسكىن «قوبۇل قىلماسلىق رېئاكسىيىسى» نى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا.

ئەلۋەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گىتلېرچىلار بىلەن بىرلىكتە ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمى پولياكلار بولغان رايونلار بىلەن بېلورۇسلار ۋە ئوكرائىنلار ياشايدىغان رايونلار ئوتتۇرىسىدا مىللىي چېگرا ئاجرىتىش توغرىسىدىكى قارارى توغرا ئىدى. بىراق، بۇنداق چېگرىلىنىشنى «چېگرا» دەپ ھېسابلاش ناتوغرا ئىدى، ئەلۋەتتە. شۇ چاغلاردا سوۋېت ئىتتىپاقى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان ئېغىر ۋەزىيەتنى ئېتىبارغا ئالغان تەقدىردىمۇ، بۇ قانۇنسىز ئىدى ھەم قوپال سىياسىي خاتالىق ئىدى. بۇ خاتالىق 28 - سېنتەبىردە تۈزۈلگەن شەرتنامىنىڭ ئىسمى ۋە تېكىستىدىكى «دوستلۇق» نى راۋاجلاندۇرۇش ۋەدىسى بىلەن تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىلگەنىدى. بۇ خاتالىقنى سىياسىي نۇقتىئىنەزەر جەھەتتىنمۇ، ئەخلاقىي نۇقتىئىنەزەر جەھەتتىنمۇ ھەرگىز ئاقلىغىلى بولمايدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر قانچىلىغان جاۋخوي ۋە باياناتلىرىدا، جۈملىدىن مولوتوۋنىڭ 1939 - يىلى 31 - ئۆكتەبىردە سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي سوۋېتىدە سۆزلىگەن نۇتقىدىمۇ پولشا خەلقى ۋە پولشا دۆلىتىگە ھاقارەت كەلتۈرۈدىغان ماددىلار بار ئىدى؛ پولشا خەلقىنىڭ تاجاۋۇزچىلارغا قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇرۇشىنىڭ خاراكتېرىگە ناتوغرا باھا بېرىلگەن ئىدى؛ ھېچقانداق

www.uyghurkitap.com

ئېھتىياج بولمىغان ھالدا گېرمانىيە فاشىستلىرىنىڭ «تىنچلىقپەرۋەرلىك ئىنتىلىشلىرى»نى تەرغىپ قىلمىدىغان سوۋېت - گېرمانىيە باياناتلىرى ئىمزالاندى؛ «نېمىس قوراللىرىنىڭ غەلىبىسى» مۇناسىۋىتى بىلەن تەبرىكنامىلار ئەۋەتىلدى؛ سوۋېت تەشۋىقاتى يۇمشاقراق قىلىپ ئېيتقاندا غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ھەربىي مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكلىرىگە ۋە تاجاۋۇزچىغا قارشى يەككىمۇ - يەككە ئېلىشىۋاتقان ئەنگلىيىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىغا نىسبەتەن نامۇناسىپ پوزىتسىيە تۇتقانىدى.

تارىخچىلارنىڭ شۇ يىللاردىكى مەسىلىلەرنى يەنىمۇ ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىشىغا، شۇۋەقەلەرگە قاتناشقۇچىلارنىڭ قارارلىرى ۋە ھەرىكەتلىرىگە بېرىلگەن باھالارنى ئېنىقلاشلىرىغا توغرا كېلىدۇ.

بىز پاجىئەنىڭ ئالدىنى ئالالمىدۇق. نېمە ئۈچۈن؟ بۇنىڭغا ھەر خىل جاۋاب بېرىلىشى مۇمكىن. بۇنىڭدىكى سەۋەبلەردىن بىرىنى ھازىر ئالاھىدە ئاجرىتىپ كۆرسەتمەكچىمىز. دۇنيا بىرلا. دۆلەتلەر ئۆزلىرىنى قانچىلىك قۇدرەتلىك ۋە تەسىرلىك دەپ ھېسابلىمىسۇن، ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە باغلىقلىقى ئاجرالماسلىقتۇر. دۇنيا شۇ چاغلاردىلا، 1939 - يىلىدىلا بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. دەل شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ گىتلېرغا قارشى ئىتتىپاقتىكى بولغۇسى ئىتتىپاقچىلىرىمىزنىڭ ئۆز خەۋپسىزلىكىنى باشقا دۆلەتلەرنىڭ خەۋپسىزلىكى ئۈستىگە، تاجاۋۇزچىلارنى «ئىنساپقا كەلتۈرۈش» تىن ئىبارەت مەنپەئەتپەرەسلىك ئاساسىغا قۇرۇش يولىدىكى ئۇرۇنۇشلىرى ۋە يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ ئوت بىلەن ئويناشقانلىقلىرى دۇنيا مىقياسىدىكى چوڭ يانغىن بىلەن نەتىجىلەندى. ھازىرقى يادرولۇق دۇنيادا بىر - بىرىگە باغلىقلىق كۆپ ھەسسىلەپ ئېشىپ كەتتى. بولۇپمۇ ھازىرقى ۋاقىتتا يادرو يانغىنى چىقىپ كېتىشتىن قورقماي، باشقىلارنىڭ خەۋپسىزلىكىگە زىيان يەتكۈزۈپ، ئۆز خەۋپسىزلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئەرپىسىدىكى ئەھۋاللاردىن بىزنىڭ قوبۇل قىلىشىمىزغا تېگىشلىك ئاساسىي ساۋاقمۇ دەل شۇنىڭدىن ئىبارەت.

ئۆزبېكچىدىن قاسىم خوجا تەرجىمىسى

(«سوۋېت ئۆزبېكىستانى» گېزىتى 88 - يىل 4 - سېنتەبىر سانىدىن ئېلىندى)

ئەسكەرتىش: بۇ ماقالىدىكى دىپلوماتىك ئالاقىگە دائىر كونكرېت مەزمۇنلار قىسقارتىۋېتىلدى — تەھرىردىن.

# تارىختا خرىستىيان دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى

فاڭ جيەنچاڭ

شىنجاڭ جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا ئاساسلىق قۇرۇقلۇق قاتناش يولىنىڭ تۈگۈنى بولغان، بۇ گۈزەل زېمىنغا دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ دىنىنىڭ مۇقەررەر ھالدا تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ئۈستىدە توختالماي تۇرايلى، ھەتتا مانى دىنى بىلەن زورو ئاستېر دىنىمۇ بۇ زېمىندا ئۆزلىرىنىڭ چوڭقۇر ئىزناسىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. شىنجاڭغا تارقالغان خرىستىيان دىنى شىنجاڭنىڭ دىن تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپلا قالماي، بەلكى جۇڭگو خرىستىيان دىنى تەتقىقاتىدىمۇ خېلى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەن بۇ ماقالىدە كېيىنكى تەتقىقاتلارغا ياردىمى تېگەر دېگەن ئۈمىدبىلەن، خرىستىيان دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى ئۈستىدە غەربنىڭ پارچە - پۇرات ماتېرىياللىرى ئاساسىدا ئىزدىنىپ كۆرمەكچىمەن.

## 1. خرىستىيان دىنىنىڭ شىنجاڭدىكى مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن بۇرۇنقى ئىزنالىرى

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىلا، خرىستىيان دىنىنىڭ ناھايىتى كىچىك بىر مەزھىپى — نېستورىيانىزىم شىنجاڭغا تارقالغانىدى. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىن كېيىن، ئىسلام دىنى شىنجاڭدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەنلىكتىن، نېستورىيانىزمنىڭ تەسىرى ئاجىزلىشىشقا باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تاكى مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى.

1905 - يىلى، گېرمانىيىنىڭ پروفېسسور ئالبېرت گرۇنۋېدېل باشچىلىقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى (بۇ ئەترەتتە لېكوكمۇ بار ئىدى) قوچودا نېستورىيان دىنىنىڭ كىچىك بىر چىركاۋىسىنى تاپتى، قەدىمي شەھەرنىڭ سىرتىغا جايلاشقان بۇ چىركاۋنىڭ ئىچىدە ۋىزانتىيە ئۇسلۇبىدا سىزىلغان بىر تام رەسىمىنىڭ ئىزنى ئېنىق كۆرۈشكە بولىدۇ، بۇ رەسىمدە روۋدېستۋا بايرىمىدىن بۇرۇنقى بىر قېتىملىق خۇدانىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن دىنىي مۇراسىمنىڭ ئەھۋالى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر روھانىينىڭ ۋە قولىدا دەرەخ شېخى تۇتقان كىشىلەرنىڭ سۈرىتى بار. ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىدىكىلەر يەنە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خرىستىئان دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىنىڭ كىشىلەر تەرىپىدىن قەستەن يىرتىۋېتىلگەنلىكى ئېنىق بىلىنىپ تۇرغان نۇرغۇن پراگمېنتلىرى (كەمتۈك ۋاراقلىرى) نى چىپلىقتۇرغان. لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى ۋاراقلار يىرتىۋېتىلمىگەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى بولغىنى — مۇناجەتنامىنىڭ تۆت بېتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىنقى ئۈچ بېتى سۈرىيە يېزىقى بىلەن يېزىلغان، ئاخىرقى بېتىدە سوغدىچە خەتلەر سۈرىيە يېزىقىدا ترانسكرىپسىيە قىلىنغان. روھانىي ئالىملار ئۇلارنىڭ نېستورىئان دىنىنىڭ IX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن X ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان مەزگىلگە، يەنى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن بەش دەۋرگىچە بولغان مەزگىلگە ئائىت يازما يادىكارلىقى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. لېكوك «جۇڭگو تۈركىستانىنىڭ يەر ئاستىدىكى گۆھەرلەر» (1926 - يىل، 177 - بەت) ناملىق كىتابىدا يۇقىرىقى ئەھۋاللار ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن.

XVII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، پورتوگالىيىدىكى ئەيسا جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بېنوئىت (1562 — 1607) شىنجاڭغا كەلگەن. بېنوئىتنىڭ ھاياتىغا دائىر ئەھۋاللارنى كرونىن V «غەربتىن كەلگەن دانىشمەن» (لوندون، 1955 - يىل، 300 - بەت) ناملىق كىتابىدا تەپسىلىي بايان قىلغان.

بېنوئىت ھىندىستاندا ئەسكەر بولغان، دىنىي جەمئىيەتكە ئەزا بولغاندىن كېيىن، بۈيرۇققا بىنائەن قۇرۇقلۇق يولى بىلەن جۇڭگوغا قاراپ يولغا چىققان. ئۇ 1602 - يىل 10 - ئايدا ياگلادىن يولغا چىقىپ، 11 ئاي يول يۈرۈپ شىنجاڭنىڭ يەكەن ناھىيىسىگە كەلگەن، ئۇ بۇ يەردە بىر يىل تۇرۇپ، 1605 - يىل سۇجۇ (گەنسۇدا) غا بارغان. بېنوئىت ئۇ يەردىكى مۇسۇلمانلاردىن ئەيسا جەمئىيىتىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بېيجىڭدە ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، جۇڭگودىكى ئەيسا جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى لىماد ۇغا خەت يازغان. لىمادۇ خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۇنى قارشى ئېلىشقا دەرھال ئادەم ئەۋەتكەن، لېكىن بۇ ئەلچى سۇجۇغا يېتىپ بېرىشتىن بىر نەچچە ھەپتە بۇرۇن بېنوئىت كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن.

بېنوئىت پارسچە راۋان سۆزلىيەلەيتتى، ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىنى پۇختا بىلەتتى، ئۇ بىر نەچچە خرىستىئان مۇرىتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ قاغىلىق، خوتەن، قەشقەر ۋە قۇمۇل قاتارلىق جايلارغا بارغانىدى. بېنوئىت شىنجاڭدا خرىستىئان دىنىغا دائىر بىر پارچە رەسىمنى چىپلىقتۇرغان، بۇ رەسىمنىڭ خرىستىئان دىنىنىڭ ئىزناسى ئىكەنلىكى ئېنىق. لېكىن ئۇ شىنجاڭدىكى سەپىرىدە خرىستىئان دىنىدىكى يەرلىك مۇرتلاردىن بىرنىمۇ ئۇچراتمىغان، بۇ ئەھۋال، يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان رايونلاردا خرىستىئان دىنىدىكىلەر ئاللىقاچان تەلتۆكۈس تۈگەپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى شىنجاڭ خىرىستىئان دىنىغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار ئىنتايىن كەمچىل.

## 2 . XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا شىنجاڭدىكى خىرىستىئان دىنىغا دائىر ئەھۋاللار

1922 - يىلى، شاڭخەيدە «جۇڭخۇا خۇداغا مەنسۇپ» ناملىق بىر كىتاب نەشر قىلىنغان. بۇ كىتابتا، جۇڭگو خىرىستىئان دىنىنىڭ 1918 — 1921 - يىللاردىكى ئەھۋالى ئۈستىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش بايان قىلىنغان. بۇ كىتابنىڭ 274 — 276 - بەتلەردىكى «شىنجاڭ» پاراگرافىدا بىر خەرىتە بولۇپ، بۇ خەرىتىدە ئۈرۈمچىنىڭ نېيدىخۇي (内地会) نىڭ دىن تارقىتىش نۇقتىسى، قەشقەر كونىشەھەر، قەشقەر يېڭىشەھەر، يېڭىسار، يەكەنلەرنىڭ شىڭداۋخۇي (سۋېدىش مىسسونارى سوشېت) نىڭ دىن تارقىتىش نۇقتىسى، قاراشەھەر، كۇچا، ئۈچتۇرپان بولسا خىرىستىئان دىنىنىڭ بوشلۇق رايونى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن.

يۇقىرىدىكى كىتابتا: XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى 20 يىلىدا، شۋېتسىيەدىكى شىڭداۋخۇينىڭ مىسسىيونېرلىرى (دىن تارقاتقۇچىلىرى) جەنۇبىي شىنجاڭغا كەلگەنلىكى، ئۇ يەردە، ئۇلار ۋە باشقا مىسسىيونېرلار چارەك ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئىشلىگەنلىكى، ئۇلارنىڭ تەسىرى نۇرغۇن رايونلارغا كېڭەيگەنلىكى، بۇ ئاساسلىقى، ئۇلارنىڭ دارىلئاجىزىن ئېچىپ ئۇنىڭدا ئىشلىگەنلىكىنىڭ ۋە داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان.

1921 - يىلىغا كەلگەندە، پراۋوسلاۋ دىنىنىڭ ئىككى تەشكىلاتىلا شىنجاڭدا دىن تارقاتقان، نېيدىخۇينىڭ ئۈرۈمچىدە بىر دىن تارقىتىش نۇقتىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاران ئىككى چەتئەللىك مىسسىيونېر بار ئىدى، ئۇلار ئاساسلىقى، ئەيسانىڭ تەلىماتلىرىنى تەرغىپ قىلغان بولۇپ، تارقىتىش دائىرىسى شىمالىي قىسىم، غەربىي شىمال ۋە شەرقىي جەنۇبتىكى كەڭ رايونلارغا كېڭەيگەن بولسىمۇ، لېكىن مۇخلىسلىرى 10 كىشىگىمۇ يەتمىگەنىدى.

1892 - يىلى، شىڭداۋخۇينىڭ ئەزالىرى قەشقەرگە كەلدى ۋە قەشقەرنى مەركەز قىلىپ تەسىرىنى سىرتقا كېڭەيتتى، 1921 - يىلىغا كەلگەندە، چەتئەللىك مىسسىيونېرلارنىڭ قەشقەر، قاغىلىق، قەشقەر يېڭىشەھەر (خەنزۇ شەھىرى) ۋە يېڭىساردا تۆت دىن تارقىتىش مەركىزى، قاغىلىقتا ئىككى مىسسىيونېر، قەشقەردە ئۈچ مىسسىيونېر، يېڭىساردا ئىككى مىسسىيونېر (كەسپىي دوختۇر) بار ئىدى. دوختۇرلار

قەشقەر يېڭىشەھەرگە كېسەل داۋالاش، سەيلى - ساياھەتكە بېرىپ تۇراتتى. 1919 - يىلىغا كەلگەندە، بىر نەچچە كىچىك دوختۇرخانىلار (قەشقەر، قاغىلىق ۋە يېڭىساردا قۇرۇلغان) 40 نەچچە كېسەلنى بالنىستتا ياتقۇزۇپ داۋالىدى. ھەر قايسى كېسەل كۆرۈش ئۆيلىرىدە تەخمىنەن 12 مىڭ كېسەلگە دىئاگنوز قويۇلدى، مىسسىيونېر دوختۇرلارنىڭ دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، شۇ يىلى ئۇلار كېسەللەرنىڭ ئۆيىگە 860 قېتىم بېرىپ دىئاگنوز قويغان.

داۋالاش خىزمىتىدىن باشقا، يەنە قەشقەر يېڭىشەھەر بىلەن قاغىلىقتا «ئىنجىل» دىن ساۋاق بېرىش كۇرسلىرى ئېچىلغان بولۇپ، ئۇلاردا ئايرىم - ئايرىم ھالدا تۆت ئوقۇغۇچى ۋە ئىككى ئوقۇغۇچى ساۋاق ئالغان. مىسسىيونېرلار ئۆمىكى يەنە قاغىلىقتا بىر دارىلئاجىزدىن ئېچىپ 20 نەپەر مۇسۇلمان يېتىم بالىنى بېقىپ تەربىيىلىگەن. ئۇلار يەنە يەنىمۇ چوڭراق دارىلئاجىزدىن ئېچىشنى پىلانلىغان. بۇندىن باشقا، ئۇلار يەنە ئۈچ ئىپتىدائىي مەكتەپ ئاچقان، بۇ مەكتەپتە 56 نەپەر ئوغۇل ئوقۇغۇچى، 18 نەپەر قىز ئوقۇغۇچى ئوقۇغان. بىر مىسسىيونېر ئاچقان كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش ئەمگەك مەكتىپىگە سەككىز ئوغۇل، يەتتە قىز ئوقۇشقا كىرگەن. مۇناستىر ئەزالىرىنىڭ ئومۇمىي سانى ئانچە كۆپ بولمىغان.

دوكلاتقا ئاساسلانغاندا، قاغىلىقتا يەكشەنبە كۈنى دەرس ئۆتۈلىدىغان بىر مەكتەپ ئېچىلغان بولۇپ، بۇ مەكتەپتە 30 ئوقۇغۇچى ئوقۇغان. قەشقەردىمۇ مۇشۇنداق مەكتەپتىن بىرسى ئېچىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا 25 ئوقۇغۇچى ئوقۇغان.

مىسسىيونېرلار ئۆمىكى قاتناشتىكى قاپسالمىلىقنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىغان. قەشقەرگە ئەڭ يېقىن جايدىكى پويىز ئىستانىسى روسىيە تۈركىستانىدىكى ئەنجاندا ئىدى. ئۇ يەردىن بىرلا كارۋان يولى ئارقىلىق تىيانشاندىن ئۆتۈپ قەشقەرگە كېلىش ئۈچۈن، ئات ئۈستىدە 10 - 15 كۈن ئولتۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. ئورۇش مەزگىلىدە، ئەشۇ يولمۇ بىر نەچچە يىل توسۇلۇپ قالغاچقا، بىرەر چەتئەللىك شىنجاڭدا ئىشلەشكە كېلەلمىگەن. مىسسىيونېرلارمۇ شۋېتسىيىگە قايتىپ دەم ئېلىشقا ئىلاجىسىز قالغانىدى.

شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئۈرۈمچىدىن غەربىي قىسمىدىكى شۋېتسىيىلىك مىسسىيونېرلار تۇرۇشلۇق جايغىچە بولغان ئارىلىقتىكى رايونلارغا خىرىستىيان دىنىغا كىرمىگەنلەر ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. شۋېتسىيىلىك مىسسىيونېرلار يېقىن كەلگۈسىدە پەيزىۋات بىلەن قاغىلىقتا يەنە دىن تارقىتىش نۇقتىسى قۇرۇشنى ۋە مەكتەپ ئېچىشنى ئۈمىد قىلاتتى.

شۇ چاغلاردا، قارا شەھەردە 60 مىڭ موڭغۇل بولۇپ، مىسسىيونېرلار ئەشۇ جاينى بازا قىلىپ، ئەتراپىدىكى دائىرىسى كىچىكرەك جايلاردا ئىش باشلاشنى

پىلانلىدى، ئۇلار قارا شەھەرنى كۇچاغا بېرىشتىكى ئۆتكەل، ئۇ يەرنىڭ تازىلىق شارائىتى ياخشى بولۇپلا قالماي، يېرىمۇ مۇنبەت، شۇڭا ئۇ كۆڭۈلمىزدەك جاي دەپ ھېسابلىدى. تۆت دىن تارقىتىش مەركىزى ئىچىدىكى ئاقسۇ كونىشەھەرمۇ قاتناش ئۆتكەلگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇ نوپۇسى ئەڭ كۆپ، مۇھىم شەھەر ئىدى. ئۈچتۇر- پان گەنسۇدىن شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىغا بېرىشتىكى تۈگۈن ئىدى. ئۇ قاتناش ئۆتكەلگە جايلاشقانلىقى، زېمىنى مۇنبەت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇمۇ دىن تارقىتىشقا مۇۋاپىق جاي ئىدى.

شۋېتسىيىدىكى شىڭداۋخۇينىڭ مىسسىيونېرى پامبېرگنىڭ بىر پارچە خېتىدە مۇنداق دېيىلگەن: «مېنىڭ ھازىرقى بىلىمىمگە ئاساسەن، مەن ناھايىتى ئەپسۇس- لانغان ھالدا شۇنداق دەيمەنكى، شۇنچە تۇجۇپىلەپ ئۇرۇق چاچقىنىمغا قارىماي، ياخشى ھوسۇلدىن ئۈمىد بار دېيىشكە پېتىنالمايمەن. خىزمەتچىلەر بۇ يەردە ئەيسانىڭ تەلىملىرىنى تارقاتقىنىدا، ئۇلار ئالدى بىلەن تەر تۆكۈپ تېرىقچىلىق قىلمىسا، مول ھوسۇل شاتلىقىغا مۇيەسسەر بولالمايدىغانلىقىنى ئويلىشى كېرەك.»

بۇ خەتنىڭ ئاخىرقى بېتىدە ھەر قايسى مەزھەپتىكى مىسسىيونېرلار ئۆمىكىنىڭ ھەر قايسى جايلارغا دىن تارقاتقان ۋاقتى كۆرسىتىلگەن:

1892 - يىلى، قەشقەر، شىڭداۋخۇي
1895 - يىلى، قاغىلىق، شىڭداۋخۇي
1908 - يىلى، ئۈرۈمچى، نېيدىخۇي
1909 - يىلى، قەشقەر يېڭىشەھەر، شىڭداۋخۇي
1912 - يىلى، يېڭىسار، شىڭداۋخۇي

1889 - يىلى، نېيدىخۇينىڭ مىسسىيونېرى گېئورگى خۇنتېر جۇڭگوغا كەلگەن. 1907 - يىلى، ئۇ «بۈيۈك چىڭ دۆلىتى» ناملىق خەنزۇچە كىتابنى، «جۇڭخۇا ئىم- پېرىيىسى. قىسقىچە ئەھۋالى ۋە دىن تارقىتىش تەپسىلاتى» ناملىق ئىنگلىزچە كىتابنى «شىنجاڭ ئۆلكىسى» دېگەن تېمىدا ماقالە ئېلان قىلغان، ئۇ ماقالىنىڭ «مىسسىيونېرلار ئۆمىكىنىڭ خىزمىتى» دېگەن پاراگرافىدا، ئۇ خرىستىيان دىنىنىڭ دىن تارقىتىش ئەھۋالى ئۈستىدە توختالغان. كۆپ يىللار بۇرۇن، مىسسىيونېر، دوختۇر لانسدېر ۋە گېئورگى پاركېر دىنىي كىتاب ژۇرناللارنى ئېلىپ - سېتىش بىلەن شۇغۇللانغان.

دورېن كۈچېنىسى دېگەن جايدا ئىككى ئەر كىشىنى ئۇچراتقان، ئۇلار رەسمىيەت بېجىرىپ خرىستىيان دىنىغا كىرگەن مۇخلىسلار ئىدى، ئۇرغۇن شىنجاڭ-

لىقلار جۇڭگونىڭ باشقا ئۆلكىلىرىدە ئەيسانىڭ تەلىماتىنى ئاڭلىغان. شۋېتسىيىلىك بەزى مىسسىيونېرلار قەشقەردە بىر نەچچە يىل تۇرغان. خۇنتېر شۋېتسىيە مىسسىيونېرلار ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، قاغىلىقتا دوختۇرلۇق قىلغان گ. راچۇۋېنىڭ بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالغان. بۇلاردىن، ئۇ بىر نەچچە دىن تارقىتىش مەركەزلىرىدە، ئەيسانىڭ تەلىماتىنى تارقىتىش، دىنىي كىتاب ـ ژۇرناللارنى ئېلىپ ـ سېتىش ۋە دوختۇرلۇق قىلىش قاتارلىق ئىشلار مۇئەييەن دائىرىدە ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

خۇنتېرنىڭ خېتىگە قوشۇمچە قىلىنغان بىر جەدۋەلدە، 1906 ـ يىلى، شىنجاڭدىكى ئىككى شەھەر ـ بازاردا پراۋوسلاۋ دىنىنىڭ مىسسىيونېرى بارلىقى كۆرسىتىلگەن.

1907 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «جۇڭگو ۋە كونگودىكى مىسسىيونېرلار ئۆمىكى» ناملىق كىتابنىڭ 265 ـ 268 ـ بەتلىرىدە شۇ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدىن كەلگەن مەلۇماتتا، 1907 ـ يىلى، بۇۋى مەريەم قەلب جەمئىيىتىنىڭ بىر پوپى بۇ شەھەرگە كەلگەنلىكى ئېيتىلغانلىقى كۆرسىتىلگەن، «1910 ـ يىلى ئېچىلغان مىسسىيونېرلارنىڭ خەلقئارالىق يىغىنىنىڭ دوكلاتى» نىڭ 1 ـ، 90 ـ بەتلىرىدە، 1909 ـ يىلى، شىنجاڭدىكى خىرىستىئان دىنى مۇخلىسلىرىنىڭ سانى جۇڭگودىكى باشقا ئۆلكىلەر ئىچىدە 20 ـ ئورۇننى ئىگەللەيدىغانلىقى ئېيتىلغان. 1923 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «كاتولىك دىنى مىسسىيونېرلار ئۆمىكى» ناملىق كىتابنىڭ 104 ـ بېتىدە، گېرمانىيىدىن كېيىن ئامېرىكىدا قۇرۇلغان ئىلاھىي سۆز جەمئىيىتى (神言会) ئامېرىكىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكتىن، بۇ جەمئىيەت 1923 ـ يىلدىن ئىلگىرى شىنجاڭدا دىن تارقىتىش هوقۇقىغا ئېرىشكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان.

### 3. قەشقەردىكى چەت ئەللىك مىسسىيونېرلار

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا قەشقەرگە كەلگەن چەت ئەللىكلەرگە خېندىرىكس ئىسىملىك گوللاندىيىلىك بىر مىسسىيونېر چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى.

1890 ـ يىلى، ئەنگلىيىنىڭ قەشقەرگە ئەۋەتكەن باش كونسۇلى مېكان قەشقەرگە كەلدى. مېكاننىڭ رەپىقىسمۇ 1898 ـ يىلى ئۇ يەرگە كەلدى، 1931 ـ يىلى، مېكاننىڭ رەپىقىسى «ئەنگلىيىلىك بىر خانىم جۇڭگو تۈركىستانىدا» ناملىق كىتابىدا، خېندىرىكس بىلىملىك، كۆپ خىل تىلدا سۆزلىشەلەيدىغان، سىياسىغا ۋە

دۇنيا ۋەزىيىتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغان كىشى ئىكەنلىكى، ئۇ ئولتۇرسىلا ئەتىمدىن كەچكىچە ھەممە ئۇچۇرلارنى سۆزلىگەچكە، شۇڭا ئۇلار ئۇنىڭغا «گېزىت» دەپ لەقەم قويۇۋالغانلىقى، ئۇ ئەسلىدە مەلۇم بىر مۇناستىر تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بولسىمۇ، كېيىن ھېچقانداق تەشكىلاتقا تەۋە بولمىغانلىقى ۋە ھېچكىمنىڭ قوماندانلىقىغا ئىتائەت قىلمىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

خېندىركىس غەلىتە مىجەزلىك كىشى بولۇپ، شەھەر ئىچىدىكى ئاددىي بىر ئۆيدە يالغۇز تۇرغان. ئۇ ھەر يىلى كۈزدە كېلىدىغان مىسا مۇراسىمى (كاتولىك دىنىنىڭ بىر تۈرلۈك دىنىي مۇراسىمى — ت) ئۈچۈن تۇرغۇن ئۈزۈم ھارىقى ياسىغان. ئۇ ئۆزىنى دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتكەن خرىستىئان دىنى مۇخلىسى دەپ ئاتىغان، لېكىن مېكان ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى ئۇنى زادىلا كۆرمىگەن.

1906 - يىلى، سىتېيىن قەشقەرگە كەلگەن، 1912 - يىلى، ئۇ لوندوندا «جۇڭگو قۇملۇقىدىكى خارابىلەر» ناملىق بىر كىتابىنى نەشىردىن چىقارغان، بۇ كىتابتا، خېندىراكس قەشقەرگە كەلگىلى 18 يىلغا يېقىن بولغانلىقى، كىشىلەر ئۇنى «پوپ» دەپ ئاتايدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان، سىتېيىن ئۇنى ياۋروپادىكى مۇناستىرغا يېرىم ۋەكىللىك قىلىدۇ، دېگەن. 1906 - يىل 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى خېندىراكس ئالەمدىن ئۆتكەن. سىتېيىننىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ مانجۇرىيەدىكى كاتولىك دىنى ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى ئىكەن.

مېكان خانىم قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن، يەنە شىۋىتسىيە مىسسىيونېرلار ئۆمىكىدىكى ئىككى دوختۇرنى، يەنى شىۋىتسىيىلىك ئاياللىرىنى بىللە ئېلىپ كەلگەن راچۇتې بىلەن خوگبېرگنى ئۇچراتقان. خوگبېرگ كۆڭلى تۈز، قولى ئەپچىل كىشى بولۇپ، ھەر قانداق ئىشنى قىلالايتتى، ئۇ يەنە يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئۆي جاھازلىرىنى ياساش، ئۆي سېلىش، قورال - سايمانلارنى ياساش قاتارلىق ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلغاچقا، شۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن. راچۇتې بولسا ئاساسىي زېھنىي كۈچىنى ئىنجىل، مۇناجات ۋە دىنىي قوللانمىلارنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىشقا سەرپ قىلغان. ئۇ ئېھتىمال ياۋروپا بويىچە ئەڭ ياخشى تۈرك يېزىقى ئالىمى بولسا كېرەك.

شىۋىتسىيە مىسسىيونېرلار ئۆمىكى جۇڭگولۇقلارغا دىن تارقىتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن قەشقەر كونىشەھەر سېپىلىنىڭ سىرتىدا بىر دىن تارقىتىش نۇقتىسى قۇردى، كېيىن يېڭىشەھەرنىڭ ئىچىدىمۇ بىر دىن تارقىتىش نۇقتىسى قۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 4. ئۈرۈمچىدىكى چەت ئەللىك مىسسىيونېرلار

ئاچا ـ سىڭىل گابلې مىلدرېد (1880 — 1952)، فرېنچ ئېۋانگىلىنى (1872—1960)، فىرېنچ فرانسىسا (1869 — 1960) لار ئەنگلىيىدىكى نېيدىخۇينىڭ ئايال مىسسىيونېرلىرى، گا بلى 1902 ـ يىلى جۇڭگوغا كېلىپ، سەنشىدىكى خۇجۇ ئوبلاستىدا 20 يىل دىن تارقاتقان. فرېنچ ئېۋانگېلىنې 1893 ـ يىلى جۇڭگوغا كېلىپ، خۇجۇ ئوبلاستىدا 30 يىل دىن تارقاتقان. فرېنچ فرانسىسا 1909 ـ يىلى جۇڭگوغا كېلىپ خۇجۇ ئوبلاستىدا 14 يىل دىن تارتقان. يۇقىرىقى ئۈچەيلەن 1923 ـ يىلى گەنسۇدىكى سۇجۇ ئوبلاستىغا كەلگەن، 1926 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلىرىدىن ئۆتۈپ ئوتتۇرا ئاسىياغا بېرىپ، ئاندىن سىبىرىيە ئارقىلىق ئەنگلىيىگە قايتقان.

1948 ـ يىلى، لوندوندىكى نېيدىخۇي «گېئورگې خۇنتېر: تۈركىستاندىكى مىسسيونېر» ناملىق 107 بەتلىك بىر كىتابنى نەشىر قىلدۇرغان. بۇ كىتابنىڭ ئاپتورلىرى گابلې بىلەن فېرېنچ فرانسىسا ئىدى. بۇ كىتابتا، شېڭ شىسەي خۇنتېرنى ئۈرۈمچىدىكى تۈرمىغا 13 ئاي قاماپ قويغانلىقى، شېڭ شىسەي ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەنگلىيە جاسۇسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا قىستاپ، ئۇنى ئۆلۈم بىلەن قورقۇتقانلىقى ئۇچۇن، خۇنتېر بىر مەھەل ئەقلىدىن ئادىشىپ قالغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

1933 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، مۇسۇلمانلار ئۈرۈمچىنىڭ غەربىدە كەسكىن جەڭ قىلىۋاتقاندا، پراۋوسلاۋ دىنىدىكى ۋە كاتولىك دىنىدىكى مىسسيونېرلار دالا دوختۇرخانىسىدا ئىشلىگەن، ئەنگلىيىلىك ئىككى دوختۇر، يەنى ماتخېر بىلەن فېشباچ بەزگەك بولۇپ هاياتىدىن ئايرىلغان.

ماتخېرنىڭ تولۇق ئىسمى پېرسى كۈننىخام ماتخېر ئىدى. 1935 ـ يىلى، گابلى بىلەن فرېنچ فرانسىسا لوندوندا «بىر پىشۋاغا ئايلىنىش: ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ماتخېر» ناملىق 144 بەتلىك بىر كىتابچىنى نەشىر قىلدى، بۇ كىتابتا خېندىركىس بىلەن ماتخېرنىڭ سۈرىتى بار، ئىتولدىمۇ ماتخېرنىڭ سۈرىتى بار. ماتخېر 1884 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى تۇغۇلغان. كېيىن ئەنگلىيىدىكى نېيدىخۇيغا ئىلتىماس يېزىپ كىرگەن، 1910 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى لوندوندىن پاراخوت بىلەن جۇڭگوغا قاراپ يولغا چىقىپ شاڭخەيگە كەلگەن. ئۇ ئەنخۇيدا بىر نەچچە يىل تۇرغان، خانتىنىڭ ماقالىلىرىنى ئوقۇپ ناھايىتى تەسىرلىنىپ كەتكەچكە، بۇ ھەقتە خۇنتېرغا دەرھال خەت يازغان.

1914 ـ يىل 2 ـ ئايدا، ئۇ ئالدى بىلەن گەنسۇغا، ئاندىن شىنجاڭغا كەلگەن، خۇنتېر ماتخېرنىڭ يەنە بىرەيلەن بىلەن بىللە كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، قۇمۇلغا ئۇلارنى كۈتۈۋېلىشقا بېرىپ بىللە ئۈرۈمچىگە قايتماقچى بولغان...

ماتىخىر موڭغۇللارغا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان، ئۇ موڭغۇللارنىڭ سەمىمىلىكىنى ۋە ئاقكۆڭۈللۈكىنى ياقتۇرۇپ قالغاچقا، ئۇلارنىڭ بىر ئەزاسى بولماقچى بولغان، يەكشەنبە كۈنى كەچقۇرۇن بىر موڭغۇل تەرجىمان ئارقىلىق دىن تارقاتقان، ئۇ ئۆزى موڭغۇل يېزىقىدا دىن تارقىتالايدىغان مىسسىيونېر بولۇشنى ئارزۇ قىلغان.

ھازىر شىنجاڭدا، پراۋوسلاۋ دىنىنىڭ تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئۇ داۋاملىق كۈچىيىشى مۇمكىن، ئاياللار، ياشانغانلار ۋە ياشلار ئارىسىدا ئۇنىڭ مەلۇم تەسىرى بار. پراۋوسلاۋ دىنى كىشىلەرنى ياخشىلىققا ئۈندەيدۇ، سەمىمىي - سادىق بولۇشنى، كىشىلەرگە بەخت - سائادەت يارىتىشنى تەرغىب قىلىدۇ، ئەخلاقىي پەزىلەت جەھەتتىن تەربىيىلىنىشنى تەكىتلەيدۇ، بۇلار ئىجابىي، ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا، شىنجاڭ خرىستىئان دىنىنىڭ تارىخىنى چۈشىنىش، بىزنىڭ خرىستىئان دىنىغا ئائىت رېئال مەسىلىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشىمىزدا بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىزاھلار:

① دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، كاتولىك دىنىنىڭ پوپى ئى. دېخېرگىنى يازغان «1700 - يىلنىڭ ئالدى - كەينىدە جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمىدا دىن تارقاتقان مىسسىيونېرلار ئۆمىكى» دېگەن ماقالە («ئەيسا تارىخى جەمئىيىتىدە ساقلىنىۋاتقان ئارخىپلار» نىڭ 1955 - يىل 24 - تومىغا بېسىلغان) نىڭ 273 - بېتىدىكى 89 - ئىزاھاتتا، 1708 - يىلى، بىر قىسىم خرىستىئان مۇخلىسلىرىنىڭ ئىلى بىلەن قۇمۇلدا تۇرغانلىقى قەيت قىلىنغان، 1776 — 1796 - يىللاردا، يەنى چيەنلۇڭ دەۋرىدە، شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەيلەردىكى نۇرغۇن كاتولىك دىنى مۇخلىسلىرى دىنىي ئېتىقاد تۈپەيلىدىن ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان. XIX ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدا، كاتولىك دىنىنىڭ فرانسىيىدىكى ئەلچى ئەۋەتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ مىسسىيونېرى خۇئىېر (1813 — 1860) گەنسۇغا كەلگەن، ئۇ يەرلىك خەلقلەردىن خرىستىئان مۇرىتلىرى بار - يوقلۇقىنى سورىغاندا، يەرلىك خەلقلەر: ئىلگىرى بار ئىدى، لېكىن ئۇلار خېلى بۇرۇنلا ئىلىغا سۈرگۈن قىلىندى، دىنىي ئېتىقادىدىن ۋاز كەچكەنلەرنىلا سۈرگۈن قىلمىدى دەپ جاۋاب بەرگەن. 1883 - يىلى، كاتولىك دىنىنىڭ گەنسۇ رايونىدىكى ئېپىسكوپى خامېر (1840 — 1900) دىن تارقىتىش ئۈچۈن ئىلىغا مىسسىيونېر ئەۋەتكەنىدى.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلەت نۇردۇن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

www.uyghurkitap.com

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ
قەرەللىك ژۇرناللارنى تىزىملاش نومۇرى: 703